• 194. جياچىڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇ پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، «嘉» خېتىنىڭ ئۈستىدىكى «吉» قىسمى كىچىك ئېلىنغان، 1800—1820- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.1 گرام. جياچىڭنىڭ 5- يىلى (1800) «كېيىنكىلەر شىنجاڭدا چيەنلۇڭ پۇلىنى 20 پىرسەنت، جياچىڭ پۇلىنى 80 پىرسەنت قۇيىدۇ» دەپ بەلگىلىگەن، مەزكۇر پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دېگەن خەتنىڭ يېزىلىشى ئوتتۇرا مەزگىلدىكى چيەنلۇڭنىڭ كېيىنكى پۇلىدىكى بىلەن ئوخشاش، بۇ ھال ئىككى خىل پۇلنىڭ بىر مەزگىلدە قۇيۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

• 195. جياچىڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇ پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، «嘉» خېتىنىڭ ئۈستىدىكى «吉» قىسمى چوڭ ئېلىنغان. 1800—1820- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.5 گرام.

• 196. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇ پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، 1821—1827- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.9 گرام. ئارقا تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دېگەن خەتنىڭ يېزىلىشى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، بىر سېستىمىغا كىرىدۇ.

• 197. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئىلى پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، 1775—1853- يىللىرى قۇيۇلغان، ئارقا سول تەرىپىگە مانجۇ يېزىقىدا «باۋ»، ئوڭ تەرىپىگە «ئىلى» دەپ يېزىلغان، ئېغىرلىقى خەزىنە ئۆلچىمىدە 1.2 مىسقال (4.5 گرام) بولۇپ، ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ يارماق پۇلى بىلەن بىردەك. بۇ پۇلنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئېغىرلىقى 4.1 گرام. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا: «ئىلىدا خەجلەنگەن يارماق پۇلنىڭ يېرىمى ئىلىدا قۇيۇلغان» دېيىلگەن، ئىلى پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇيغان يارماق پۇلنىڭ مېتال تەركىبى — قىزىل مىس %70، قارا قوغۇشۇن %29، قەلەي %1 بولۇپ، ئىچكىرىنىڭ مىس %60، قوغۇشۇن %40 بولغان يارماق پۇلىنىڭكىدىن مىس تەركىبى يۇقىرى.

• 198. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئىلىدا قۇيۇلغان، ئارقا تەرەپ يۇقىرىسىدا بىر ئىلمەك بار، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان.

• 199. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئىلى پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن قىسمىدا بىردىن قىسقا سىزىق بار، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 5.2 گرام.

. 200. جىياچىڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئىلى پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، 1800 ـــ 1820- يىللىرى قۇيۇلغان، ئىلى پۇل قۇيۇش ئىدارىسى 1800- يىلىدىن باشلاپ جىياچىڭنىڭ پۇلىنى 80 پىرسەنت، چيەنلۇڭنىڭ پۇلىنى 20 پىرسەنت قۇيغان، مەزكۇر پۇلنىڭ ئېغىرلىقى 5.7 گرام.

. 201. جىياچىڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئىلىدا قۇيۇلغان، ئارقا تەرىپىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا يۇرجەكلىك يوغان ئىككى چېكىت بار، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان.

. 202. جىياچىڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئىلى پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، ئارقا تەرىپىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا بىر قىسقا تۈز سىزىق بار، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 4.6 گرام.

. 203. جىياچىڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئىلى پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، (چوڭ تېپتىكى تۆمۈر پۇل)

. 204. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئىلى پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، 1821 ـــ 1850- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 3.6 گرام.

. 205. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئىلى پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن قىسمىدا بىردىن قىسقا تۈز سىزىق بار، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 4.2 گرام.

. 206. شيەنفېڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئىلى پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، 1851 ـــ 1852- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 4.3 گرام.

. 207. شيەنفېڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئىلى پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا بىر چېكىت بار، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 3.6 گرام.

. 208. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، «8- يىللىق 5»، داۋگۇاڭنىڭ 8- يىلىدىن (1828) 30- يىلىغىچە (1850) قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى خەزىنە ئۆلچىمىدە 1.2 مىسقال (4.5 گرام). ئەمەلىيەتتىكى ئېغىرلىقى 5.1 گرام، دىئامېتىرى 23 ـــ 24.6 مىللىمېتر، «八» (سەككىز) خېتىنىڭ ئىككى سىزىقى ئايرىلغان.

. 209. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، «8- يىللىق 5». يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.8 گرام، «八» (سەككىز) خېتىنىڭ ئىككى سىزىقى ئۇلانغان.

. 210. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان. «8- يىللىق 10»، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى خەزىنە ئۆلچىمىدە 1.5 مىسقال (5.6 گرام)، ئەمەلىيەتتىكى ئېغىرلىقى 5.7 گرام، دىئامېتىرى 27 مىللىمېتر. «八» (سەككىز) خېتىنىڭ ئىككى سىزىقى ئايرىلغان. بۇ پۇل ئىككى داچەنگە سۇندۇرۇلغان.

. 211. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، «8- يىللىق 10»، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان . ئېغىرلىقى 5.6 گرام، «八» (سەككىز) خېتىنىڭ ئىككى سىزىقى ئۇلانغان.

. 212. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان. «8- يىللىق 10»، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 5.4 گرام «八» (سەككىز) خېتى ئۇچىغا قىيسايغان.

. 213. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، «8- يىللىق 10»، خەتلىرى خاتا بېسىلغان.

. 214. شيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، 50 يارماقلىق چوڭ پۇل، 1854 ـــ 1859- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 5. 15 گرام. دىئامېتىرى 37.8 مىللىمېتر،10 داچەنگە سۇندۇرۇلغان.

. 215. شيەنفېڭ يۈەنباۋ پۇلى. ئاقسۇدا قۇيۇلغان. 100 يارماقلىق چوڭ پۇل، 1854 ـــ 1859- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 20 گرام، 20 داچەنگە سۇندۇرۇلغان.

. 216. شيەنفېڭ يۈەنباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان. 100 يارماقلىق چوڭ پۇل، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان، لېكىن بەت شەكلى بىر ئەمەس، ئېغىرلىقى 21.1 گرام.

. 217. شيەنفېڭ يۈەنباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، 100 يارماقلىق چوڭ پۇل، 1856 ـــ 1857- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 19.7 گرام، 20 داچەنگە سۇندۇرۇلغان.

. 218. شيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، قەشقەردە قۇيۇلغان. 50 يارماقلىق چوڭ پۇل، 1855 ـــ 1859- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 14.5 گرام.

. 219. شيەنفېڭ يۈەنباۋ پۇلى، قەشقەردە قۇيۇلغان. 100 يارماقلىق چوڭ پۇل، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 21 گرام.

. 220. شيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، يەكەندە قۇيۇلغان. 50 يارماقلىق چوڭ پۇل (چوڭ تىپى) 1854 ـــ 1859- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 16 گرام.

. 221. شيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، يەكەندە قۇيۇلغان. 50 يارماقلىق چوڭ پۇل (كىچىك تىپى) ، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 13 گرام.

. 222. شيەنفېڭ يۈەنباۋ پۇلى، يەكەندە قۇيۇلغان. 100 يارماقلىق چوڭ پۇل، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 32.25 گرام، دىئامېتىرى 53.3 مىللىمېتر، 20 داچەنگە سۇندۇرۇلغان.

. 223. شيەنفېڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان بەش يارماقلىق كىچىك مىس پۇل (ئارقىسىدا ئۇيغۇرچە خېتى بار). 1851 ـــ 1861- يىللىرى قۇيۇلغان. «داۋگۇاڭ 8- يىللىق 5» تۇزۇمىگە ئاساسەن، بىر داچەنگە سۇندۇرۇلغان. ئېغىرلىقى خەزىنە ئۆلچىمىدە 1.2 مىسقال (4.5 گرام)، ئەمەلىيەتتىكى ئېغىرلىقى 3.9 گرام. دىئامېتىرى 24.1 مىللىمېتر.

. 224. شيەنفېڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، بەش يارماقلىق كىچىك مىس پۇل (ئارقىسىدا ئۇيغۇرچە خەت بار).

. 225. شيەنفېڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئىككى دا-

چەنگە سوندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل. ئارقىسىدىكى «當» خېتى كىچىك ئېلىنغان. مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر كالتە يېزىلغان، 1851 ـــ 1861- يىللىرى قۇيۇلغان. «داۋگۇاڭ 8- يىل 10» تۇزۇمىگە ئاساسەن ئىككى داچەنگە سوندۇرۇلغان. بەلگىلەنگەن ئېغىرلىقى خەزىنە ئۆلچىمىدە 1.5 مىسقال (5.6 گرام)، ئەمەلىيەتتىكى ئېغىرلىقى 4.8 گرام. دىئامېترى 25.8 مىللىمېتىر.

• 226. شىنجاڭنىڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئىككى داچەنگە سوندۇرۇلغان 10 كىچىك يارماقلىق پۇل. ئارقىسىدىكى «當» خېتى كىچىك ئېلىنغان. مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر كالتە يېزىلغان، ئۇيغۇرچىنىڭ يېزىلىشى ئۆزگەرگەن، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 5.2 گرام.

• 227. شىنجاڭنىڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئىككى داچەنگە سوندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل. ئارقىسىدىكى «當» خېتى چوڭ ئېلىنغان. مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر سوزۇنچاق يېزىلغان. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.7 گرام.

• 228. شىنجاڭنىڭ تۇڭباۋ پۇلى، قەشقەردە قۇيۇلغان. ئىككى داچەنگە سوندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل. 1855 ـــ 1861- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.4 گرام، دىئامېترى 26.8 مىللىمېتىر، ئارقا سول- ئوڭ تەرىپىگە مانجۇچە، ئۇيغۇرچە «كاشغەر» دەپ يېزىلغان.

• 229. شىنجاڭنىڭ تۇڭباۋ پۇلى، يەكەندە قۇيۇلغان، ئىككى داچەنگە سوندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل، ئارقىسىدىكى مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر سوزۇنچاق يېزىلغان، 1854 ـــ 1861- يىللىرى قۇيۇلغان، بەلگىلەنگەن ئېغىرلىقى خەزىنە ئۆلچىمىدە 1.5 مىسقال (5.6 گرام)، ئەمەلىيەتتىكى ئېغىرلىقى 7.1 گرام، دىئامېترى 27 مىللىمېتىر. ئارقىسىغا مانجۇچە «يېركىياڭ»، ئۇيغۇرچە «يەركەند» دەپ يېزىلغان.

• 230. شىنجاڭنىڭ تۇڭباۋ پۇلى، يەكەندە قۇيۇلغان، ئىككى داچەنگە سوندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل. مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر سوزۇنچاق يېزىلغان (بەت نۇسخىسى ئوخشىمايدۇ).

• 231. شىنجاڭنىڭ تۇڭباۋ پۇلى، يەكەندە قۇيۇلغان، ئىككى داچەنگە سوندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل. ئارقىسىدىكى مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر كالتە يېزىلغان. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 5.75 گرام.

• 232. شىنجاڭنىڭ تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، بەش يارماقلىق كىچىك مىس پۇل. 1853 ـــ 1861- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 3.6 گرام. ئارقىسىغا مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە «كۇچا» دەپ يېزىلغان.

• 233. شىنجاڭنىڭ تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، ئىككى داچەنگە سوندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل، 1853 ـــ 1861- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 6 گرام.

• 234. شىنجاڭنىڭ تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، ئىككى داچەنگە سوندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل، ئارقىسىدىكى ئۇيغۇرچە خېتى ئۆزگىچە ئۇسلۇپتا يېزىلغان.

• 235. شىنجاڭنىڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان، سەككىز يارماقلىق چوڭ پۇل، «八» (سەككىز) خېتىنىڭ ئىككى سىزىقى ئۇلىنىپ كىچىك يېزىلغان (قىزىل مىس)، 1855 ـــ 1857- يىللىرى قۇيۇلغان. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ»، ئوڭ تەرىپىگە «دى» (ئۈرۈمچى) دېگەن خەتلەر يېزىلغان، ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ بازار نەرقىدە 800 يارماق بىر سەر كۈمۈشكە، سەككىز يارماق بىر پۇڭ كۈمۈشكە سوندۇرۇلغان. شۇڭا سەككىز يارماقلىق چوڭ پۇل قۇيۇلغان، بەلگىلەنگەن ئېغىرلىقى خەزىنە ئۆلچىمىدە 1.6 مىسقال (6 گرام)، ئەمەلىيەتتىكى ئېغىرلىقى 8 گرام، دىئامېترى 26.6 مىللىمېتىر، شىيەنفېڭنىڭ 7- يىلى (1857) سەككىز يارماقلىق پۇل قۇيۇشتىن توختىتىلىپ، 10 يارماقلىق پۇل قۇيۇلغان.

• 236. شىنجاڭنىڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان. سەككىز يارماقلىق چوڭ پۇل. «八» (سەككىز) خېتىنىڭ ئىككى سىزىقى ئۇلىنىپ چوڭ يېزىلغان (قىزىل مىس)، ئېغىرلىقى 7.7 گرام.

• 237. شىنجاڭنىڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان، سەككىز يارماقلىق چوڭ پۇل، «八» (سەككىز) خېتىنىڭ ئىككى سىزىقى ئايرىلىپ كىچىك يېزىلغان (قىزىل مىس) 1855 ـــ 1857- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 7.55 گرام، دىئامېترى 26.6 مىللىمېتىر.

• 238. شىنجاڭنىڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان، سەككىز يارماقلىق چوڭ پۇل. «八» (سەككىز) خېتىنىڭ ئىككى سىزىقى ئايرىلىپ چوڭ يېزىلغان (قىزىل مىس).

• 239. شىنجاڭنىڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان، 10 يارماقلىق چوڭ پۇل، كىچىك تىپى (قىزىل مىس) 1855 ـــ 1857- يىللىرى قۇيۇلغان. بۇ خىل كىچىك تىپتىكى 10 يارماقلىق چوڭ پۇلنىڭ ئېغىرلىقى خەزىنە ئۆلچىمىدە 2 مىسقال (7.46 گرام) بولۇپ، سەككىز يارماقلىق چوڭ پۇلدىن تۆت پۇڭ ئېغىر، بۇ پۇلنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئېغىرلىقى 6.6 گرام، دىئامېترى 31 مىللىمېتىر.

• 240. شىنجاڭنىڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان، 10 يارماقلىق چوڭ پۇل، كىچىك تىپى (سېرىق مىس) 1855 ـــ 1857- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 5.25 گرام، دىئامېترى 26.5 مىللىمېتىر.

• 241. شىنجاڭنىڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان. 10 يارماقلىق چوڭ پۇل، كىچىك تىپى (تۆمۈر پۇل).

• 242. شىنجاڭنىڭ يۈەنباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان، 80 يارماقلىق چوڭ پۇل (سېرىق مىس)، 1855 ـــ 1857- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 47.1 گرام، قېلىنلىقى ئۈچ مىللىمېتىر، دىئامېترى 51 مىللىمېتىر، قىممىتى سەككىز يارماقلىق چوڭ پۇلدەك 10 ھەسسە قىلىنىپ، بىر مىسقال كۈمۈشكە سوندۇرۇلغان. سەككىز يارماقلىق چوڭ پۇل بىلەن بىردەۋردە

ئوبوروت قىلىنىغان. لېكىن ئاۋام خەلق چوڭ قىممەتتىكى پۇللارنى ئىشلىتىشنى ياقتۇرمىغانلىقتىن، تارقىتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يىغىۋېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

. 243. شىيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان، 10 يارماقلىق چوڭ پۇل، چوڭ تىپى، «宝迪» خېتى «十当» بىلەن يېزىلغان (قىزىل مىس)، 1857 — 1861- يىللىرى قۇيۇلغان. شىيەنفېڭنىڭ 7- يىلى (1857) كىچىك تىپتىكى 10 يارماقلىق پۇل بىلەن سەككىز يارماقلىق پۇلنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى، شەكلى بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىپ، ئىشلىتىش قولايسىز بولغانلىقتىن، چوڭ تىپتىكى 10 يارماقلىق پۇل قۇيۇلغان. ئۇنىڭ دىئامېتىرى، ئېغىرلىقى ئالدىنقى ئىككى خىل پۇلنىڭكىدىن چوڭ بولۇپ، خەتلىرى روشەن، نەپىس ئىشلەنگەن. بۇ پۇلنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئېغىرلىقى 15.1 گرام، دىئامېتىرى 32.4 مىللىمېتىر.

. 244. شىيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان، 10 يارماقلىق چوڭ پۇل، چوڭ تىپى، «宝迪» خېتى «十当» بىلەن يېزىلغان (قىزىل مىس) 1857 — 1861- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 7.7 گرام، دىئامېتىرى 31.7 مىللىمېتىر، خەنزۇچە خېتى روشەن، نەپىس ئىشلەنگەن.

. 245. شىيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان، 10 يارماقلىق چوڭ پۇلنىڭ چوڭ تىپى (تۆمۈر پۇل).

. 246. شىيەنفېڭ يۈەنباۋ پۇلى، ئىلىدا قۇيۇلغان، 100 يارماقلىق چوڭ پۇل (قىزىل مىس)، 1854 — 1855- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 49.6 گرام، دىئامېتىرى 53.3 مىللىمېتىر، كېيىن كۈرسى چۈشۈپ 16 داچەن قىممىتىدە خەجلەنگەن.

. 247. شىيەنفېڭ يۈەنباۋ پۇلى، ئىلىدا قۇيۇلغان، 100 يارماقلىق، چوڭ پۇل (سېرىق مىس) 1854 — 1855- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 47.3 گرام، دىئامېتىرى 51.8 مىللىمېتىر.

. 248. شىيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئىلىدا قۇيۇلغان، 50 يارماقلىق چوڭ پۇل (قىزىل مىس)، 1854 — 1855- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 29.5 گرام، دىئامېتىرى 46.4 مىللىمېتىر، كېيىن كۈرسى چۈشۈپ سەككىز يارماق قىممىتىدە خەجلەنگەن.

. 249. شىيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئىلىدا قۇيۇلغان، 50 يارماقلىق چوڭ پۇل (سېرىق مىس)، 1854 — 1855- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 29.4 گرام، دىئامېتىرى 46.3 مىللىمېتىر.

. 250. شىيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئىلىدا قۇيۇلغان، تۆت يارماقلىق چوڭ پۇل، (قىزىل مىس) 1855 — 1861- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 15.7 گرام، دىئامېتىرى 34.9 مىللىمېتىر، شىيەنفېڭنىڭ 5- يىلى (1855) 5- ئايدا، 10 يارماقلىق پۇلنىڭ كۈرسى چۈشۈپ تۆت يارماق قىممىتىدە خەجلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭىدىن تۆت يارماقلىق پۇل قۇيۇلۇپ، ئىككىسى تەڭ قىممەتتە ئوبوروت قىلىنغان.

. 251. شىيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئىلىدا قۇيۇلغان، 10 يارماقلىق چوڭ پۇل، (قىزىل مىس)، 1853 — 1855- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 16.8 گرام، دىئامېتىرى 35.9 مىللىمېتىر. دەسلەپتە 10 يارماق قىممىتىدە خەجلەنگەن. كېيىن شىيەنفېڭنىڭ 5- يىلى (1855) دىن باشلاپ كۈرسى چۈشۈپ تۆت يارماق قىممىتىدە خەجلەنگەن.

. 252. شىيەنفېڭ جۇڭباۋ پۇلى، ئىلىدا قۇيۇلغان، 10 يارماقلىق چوڭ پۇل، (سېرىق مىس)، 1853 — 1855- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 14.9 گرام، دىئامېتىرى 35.4 مىللىمېتىر.

. 253. تۇڭجى جۇڭباۋ پۇلى، ئىلىدا قۇيۇلغان، تۆت يارماقلىق چوڭ پۇل، 1862 — 1865- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 14.5 گرام، دىئامېتىرى 33.1 مىللىمېتىر، قىزىل مىس.

. 254. تۇڭجى تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، 5 يارماقلىق كىچىك مىس پۇل، 1862 — 1864- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 3.6 گرام.

. 255. تۇڭجى تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئىككى داچەنگە سۇندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل، 1862 — 1864- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 4.6 گرام.

. 256. تۇڭجى تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئىككى داچەنگە سۇندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر قېلىپتا قۇيۇلمىغان، بىر دەۋردە قۇيۇلغان.

. 257. تۇڭجى تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، 5 يارماقلىق كىچىك مىس پۇل، 1862 — 1864- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.6 گرام، دىئامېتىرى 24.3 مىللىمېتىر.

. 258. تۇڭجى تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، ئىككى داچەنگە سۇندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل، 1862 — 1864- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 5.6 گرام، دىئامېتىرى 26 مىللىمېتىر.

. 259. تۇڭجى تۇڭباۋ پۇلى، يەركەندە قۇيۇلغان، ئىككى داچەنگە سۇندۇرۇلغان 10 يارماقلىق پۇل، 1862 — 1865- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.9 گرام.

. 260. راشىددىن پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، ھىجرىيە 1281- يىلى (مىلادى 1864- يىل 6- ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 1865- يىل 5- ئاينىڭ 26- كۈنىگىچە) قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.75 گرام، دىئامېتىرى 25.3 مىللىمېتىر. ئالدى- كەينىدىكى خەتلەر ئۇيغۇر (چاغاتاي) يېزىقىدا يېزىلغان، ئالدى تەرىپىگە «سەيىدغازى راشىددىن خان» دەپ يېزىلغان، «سەيىد» دېگەن سۆزنىڭ ئۈستىگە ئەرەبچە «2» رەقىمى يېزىلغان بولۇپ، ئىككى داچەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئارقىسىغا «زەرب دارىسسەلتەنەتى كۇچار» (پايتەخت كۇچاردا قۇيۇلغان) دەپ يېزىلغان. «پايتەخت» دېگەن سۆزنىڭ ئۈستىگە ئەرەبچە ئۇششاق قىلىپ «1281» دېگەن تۆت رەقەم يېزىلغان.

. 261. راشىددىن پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان. يىلنامىسى بار، ئۇيغۇرچە «خان» سۆزىنىڭ يېزىلىشى ئۆزگىچە، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان ، ئېغىرلىقى 4.25 گرام ، دىئامېتىرى 25.7 مىللىمېتىر.

. 262. راشىددىن پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، يىلنامىسى يوق،

تار گىرۋەكلىك، خېتى چوڭ، 1864 — 1867- يىللىرى قۇيۇل- غان، ئېغىرلىقى 3.3 گرام، دىئامېتىرى 25.3 ملليمېتر.

• 263. راشىددىن پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، يىلنامىسى يوق، كەڭ گىرۋەكلىك، خېتى كىچىك. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىردەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.8 گرام، دىئامېتىرى 25.2 ملليمېتر.

• 264. راشىددىن پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، يىلنامىسى يوق، 1864 — 1867- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 3.7 گرام، دىئامېتىرى 25.2 ملليمېتر. مەزكۇر پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى خەتلەر، كۇچاردا قۇيۇلغىنى بىلەن تامامەن ئوخشاش، ئارقا تەرىپىگە «كۇچار» دېگەننىڭ ئورنىغا «ئاقسۇ» دەپ يېزىلغان. ئىلاۋە: 1864- يىلىنىڭ ئاخىرىدا راشىددىن خاننىڭ قوشۇنى ئاقسۇنى ئىشغال قىلغاندا، ئاقسۇ پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ بۇرۇنقى ئۇسكۇنىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆيغۇرچە خەتلىك پۇل قۇيغان بولۇشى مۇمكىن.

• 265. خوتەنلىك ھەبىبۇللانىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، ھىج- رىيە 1283- يىلى (مىلادى 1866- يىلى) خوتەندە قۇيۇلغان . ئېغىرلىقى 3.7 گرام، دىئامېتىرى 16 ملليمېتر. ئالدى تەرىپىگە ئەرەب يېزىقىدا «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا 1283» (بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر. 1283) دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە چاغاتاي يېزىقىدا «زەرب خوتەن لەتىق» (گۈزەل خوتەندە ئىشلەنگەن) دەپ يېزىلغان، باھاسى بىر مىسقال ئاق كۈمۈش قىلىنغان.

• 266. ياقۇپبەگنىڭ تىللا پۇلى، 1874 — 1876- يىللىرى قەشقەردە قۇيۇلغان ، ئېغىرلىقى 3.7 — 3.8 گرام، دىئامېتىرى 20 — 21 ملليمېتر، تىللا — ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدىكى ئال- تۇن پۇللارنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى. مەزكۇر پۇلنىڭ ئالدى- كەينى تەرىپىدىكى خەتلەر چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان. ئالدى تەرىپىگە «سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان» دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىگە «زەرب دارىسسەلتەنەتى كاشغەر.1291» (پايتەخت قەشقەردە قۇيۇلغان 1291) دەپ يېزىلغان. ھىجرىيىنىڭ 1291- يىلى مىلادى 1874- يىلىغا توغرا كېلىدۇ. سۇلتان ئابدۇلئە- زىزخان شۇ چاغدىكى تۈركىيە سۇلتانىنىڭ ئىسمى. ياقۇپبەگ تۈركىيەنى ئۆزىگە ھۆكۈمران دۆلەت، ئۆزىنى ئۇنىڭ بېقىندىسى دەپ ئېتىراپ قىلغاچقا، پۇلغا تۈركىيە سۇلتانىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىتائەتمەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بىر تىللا 20 دانە بەش پۇڭلۇق تەڭگە ياكى بىر سەر ئاق كۈ- مۈشكە سۇندۇرۇلغان.

• 267. ياقۇپبەگنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى، 1874 — 1878- يىللىرى قەشقەردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.7 گرام ئەتراپىدا، دىئامېتىرى 12 — 15 ملليمېتر. ھەر بىرسى بەش پۇڭ كۈمۈش. تەڭگە — ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدىكى كۈمۈش پۇللارنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى. مەزكۇر پۇلنىڭ ئالدى- كەينىدىكى خەتلەر چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان، ئالدى تەرىپىگە «ئابدۇلئەزىزخان» دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىگە «زەرب كاشغەر لەتىق. 1291» (گۈزەل قەشقەردە قۇيۇلغان، 1291- يىل) دەپ يېزىلغان.

• 268. ياقۇپبەگنىڭ مىس پۇلى، 1874 — 1876- يىللىرى قۇ- يۇلغان. ئېغىرلىقى 3.3 گرام، قېلىنلىقى 2 ملليمېتر، دىئامېتىرى 14 ملليمېتر، قىزىل مىس. پۇل — ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسى- دىكى پۇللارنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى، مەزكۇر پۇلنىڭ ئالدى - كەينىدىكى خەتلەر چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان. ئالدى تەرە- پىگە «ئابدۇلئەزىزخان» دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىگە «زەرب كاشغەر» (قەشقەردە قۇيۇلغان) دەپ يېزىلغان. دەسلەپتە بۇ مىس پۇلنىڭ 50 دانىسى بەش پۇڭلۇق بىر تەڭگىگە سۇندۇرۇلۇپ، بىر دانە مىس پۇل بىر داچەنگە باراۋەرقىلىنغان. 1875- يىلىدىن كېيىن، ئىككى داچەنگە سۇندۇرۇلغان «10يار- ماقلىق پۇل» نىڭ كۇرسى چۈشۈپ، بىر داچەنگە تەڭلىشىپ قالغان، 500 دانە داچەن بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلغان، شۇڭا شۇ چاغدىن باشلاپ 25 داچەن ياكى 25 مىس پۇل بەش پۇڭلۇق بىر تەڭگىگە سۇندۇرۇلغان.

• 269. بۇ — ياقۇپبەگنىڭ تەڭگە پۇللىرىنىڭ ئىچىدە خەتلە- رىنىڭ يېزىلىشى دائىم ئۇچرايدىغان تەڭگە پۇلنىڭكىگە ئوخشمايدىغان بىر خىل تەڭگە پۇل، باشقا پۇللارنىڭ ئالدى تەرىپىگە (تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۈچ قۇر قىلىپ) «ئابدۇلئەزىزخان» دەپ يېزىلغان بولسا، بۇ پۇلنىڭ ئالدى تە- رىپىگە «ئەزىز .ئابدۇل- خان» دەپ، «ئابدۇل» سۆزى ئوتتۇرىغا ئېلىپ يېزىلغان. ئادەتتىكى تەڭگە پۇلنىڭ ئارقا تە- رىپىگە (تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۈچ قۇر قىلىپ) «زەرب كاشغەر لەتىق» دەپ، يېزىلغان بولسا، بۇ پۇلغا «زەرب كا- لەتىق ش- غەر» دەپ، سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلغان.

• 270. ياقۇپبەگنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى، ئالدى- كەينى تەرىپىدىكى خەتلەرنىڭ يېزىلىش شەكلى ئۆزگەرگەن، بۇنى شەخسلەر قۇيدۇرغان.

• 271. ياقۇپبەگنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى، خەتلىرى باشقا بىر نۇسخىدا يېزىلغان. بۇنى شەخسلەر قۇيدۇرغان.

• 272. ياقۇپبەگنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى، خەتلىرى يەنە باشقا بىر نۇسخىدا يېزىلغان. بۇنى شەخسلەر قۇيدۇرغان.

• 273. ياقۇپبەگنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى، قۇيۇلغان يىلى بويىچە تىزغاندا، ھىجرىيىنىڭ 1291- يىلىغا توغرا كېلىدۇ (1874).

• 274. ھىجرىيىنىڭ 1292- يىلى (1875).

• 275. ھىجرىيىنىڭ 1293- يىلى (1876).

• 276. ھىجرىيىنىڭ 1294- يىلى (1877).

• 277. ھىجرىيىنىڭ 1295- يىلى (1878). ئىلاۋە: ياقۇپبەگ 1877 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى بەگقۇلبەگ قالدۇق قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ جايلاشقان، 1878- يىلى 1- ئايدا شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. شۇڭا ياقۇپبەگنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرى ئىچىدە 1878- يىلى قۇيۇلغىنى بار، لېكىن

ئۇنىڭ سانى ناھايىتى ئاز.

. 278. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، ئۇيغۇرچە «ساپ كۈمۈش بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، 1877 — 1878- يىللىرى كۇچاردا قۇيۇلغان . ئېغىرلىقى 1.7 گرام ، دىئامېترى 13.6 — 3. 14 مىللىمېتىر، ئالدى- كەينىدىكى خەتلەر ئۇيغۇر يېزىقى (چاغاتاي يېزىقى) دا يېزىلغان، ئالدى تەرىپىگە «ئوبدان كۈمۈش» دەپ يېزىلغان، ئارقىسىغا «بەش پۇڭ، 1294» (ھىجرىيە 1294- يىلى) دەپ يېزىلغان.

. 279. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، ئۇيغۇرچە «ساپ كۈمۈش، بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، خەتلەرنىڭ يېزىلىشى ئۆزگىچە، ئېغىرلىقى 1.9 گرام، دىئامېترى 14 — 15 مىللىمېتىر. بۇنى شەخسلەر قۇيدۇرغان.

. 280. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، ئۇيغۇرچە «ساپ كۈمۈش، بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، ئالدى تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە خەتنىڭ سىرتىدا چاسا رامكا بار.

. 281. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈيىنىڭ 4- يىلى» دەپ يېزىلغان. 1878- يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 4- يىلى) كۇچاردا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.5 گرام، دىئامېترى 12.8 — 14.1 مىللىمېتىر، ئالدى- كەينىدىكى خەتلەر ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. ئالدى تەرىپىگە «گاڭشۈيىنىڭ» (گۇاڭشۈي) دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىگە «تۆتىنچى يىلى» دەپ يېزىلغان، قىممىتى بەش پۇڭ.

. 282. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، خەنزۇچە «楚» (چۇ) خېتى يېزىلغان، 1878- يىلى كۇچاردا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.7 گرام، دىئامېترى 13.1 — 13.6 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە پەقەت بىرلا «楚» خېتى يېزىلغان، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بەش پۇڭ، 1295» دەپ يېزىلغان (ھىجرىيە 1295- يىل). ئىلاۋە: شۇ چاغدا كۇچاردا تۇرۇشلۇق جاڭ ياۋنىڭ قوشۇنىدا بىر قىسىم ئەسكەرلەر خۇبېيلىق بولۇپ، يۇرتى چۇ- يىلىڭ (楚省) دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن بۇ پۇل قۇيدۇرۇلغان.

. 283. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى،خەنزۇچە «باۋ» «宝» دېگەن خەت يېزىلغان. 1878- يىلى كۇچاردا قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 1.75 گرام، دىئامېترى 11.7 — 13.3 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە بىرلا خەنزۇچە «باۋ» خېتى يېزىلغان، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئوبدان كۈمۈش» دەپ يېزىلغان. ئىلاۋە: خەنزۇچە «باۋ» خېتى تەۋەرۈك پۇل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ پۇل ھەربىي تەمىنات ئۈچۈن قۇيدۇرۇلغان. قىممىتى بەش پۇڭ كۈمۈش.

. 284. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، ئۇيغۇرچە «راست بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان. 1879- يىلى ئاقسۇدا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.75 گرام، دىئامېترى 13.5 — 15 مىللىمېتىر. ئالدى- كەينىدىكى خەتلەر ئۇيغۇر (چاغاتاي) يېزىقىدا يېزىلغان، ئالدى تەرىپىگە «راست بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىگە «ئاقسۇدا قۇيۇلغان، 1296» دەپ يېزىلغان. (ھىجرىيە 1296- يىل).

. 285. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، خەنزۇچە «گۇاڭ» «光» دېگەن خەت يېزىلغان. 1880 — 1882- يىللىرى ئاقسۇدا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.75 گرام، دىئامېترى 13.4 — 15.8 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك چاسا شەكىل بولۇپ، قارىماققا كىچىك چاسا تۆشۈككە ئوخشاپ قالىدۇ. چاسا شەكىلنىڭ ئۈستىدە خەنزۇچە «光» خېتى (گۇاڭشۈي دېگەن مەنىدە) بار، ئاستىدا ئۇيغۇرچە «بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە «ئاقسۇدا قۇيۇلغان 1297» دەپ يېزىلغان. ( ھىجرىيە 1297- يىل، مىلادى 1880- يىل)

. 286. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، خەنزۇچە «يۈەن» «元» خېتى بار. 1878 — 1882- يىللىرى قەشقەردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.7 گرام، دىئامېترى 10.9 — 11.8 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك چاسا شەكىل بولۇپ ، كىچىك چاسا تۆشۈككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك چېكىت بار، چاسا شەكىلنىڭ ئۈستىدە خەنزۇچە «元» خېتى بولۇپ، ئۇ «光» (گۇاڭشۈي دېگەن مەنىدە) خېتىنىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشىدىن شەكىللەنگەن. چاسا شەكىلنىڭ ئاستىدا ئۇيغۇرچە «بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ بىر كىچىك چاسا شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك چېكىت بار، چاسا شەكىلنىڭ ئاستى- ئۈستىدە خەنزۇچە خەت بىلەن «بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كاشغەر» دەپ، سول تەرىپىگە مانجۇ يېزىقىدا «كاشغەر» دەپ يېزىلغان.

. 287. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، خەنزۇچە «بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچىسى بار. 1879 — 1886- يىللىرى قەشقەردە قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 1.6 گرام، دىئامېترى 11.5 — 11.9 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، ئوڭ- سول تەرىپىدە ئىككىدىن بەش يۇلتۇز بار. ئارقا تەرىپىدىكى چەمبەر ئىچىگە ئۇيغۇرچە «ئۇفىن» (بەش پۇڭ) دەپ يېزىلغان، چەمبەر سىرتىدا ئۈچ- لۈك نەقىشلەر بار.

. 288. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، خەنزۇچە «بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، ئارقىسىدا گۈللۈك نەقىشلەر بار. 1879 — 1886- يىللىرى قەشقەردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.5 گرام، دىئامېترى 11.6 — 12.3 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىدىكى خەتلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، ئارقا تەرىپىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى نەقىشلەر بار.

. 289. گۇاڭشۈيىنىڭ كىچىك تەڭگە پۇلى، بەش پۇڭ، 1878- يىلى قەشقەردە قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 1.6 گرام، دىئامېترى 12.4 — 13.5 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە «بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، ئۇنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «كاشغەر» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە مانجۇچە «ۋېلىپېي» (قۇيۇل-

غان) دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە قۇيۇلغان، 95» دەپ يېزىلغان. (ھىجرىيىنىڭ 95(12). يىلى).

• 290. گۇاڭشۈينىڭ بەش پۇڭلۇق كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىگە مانجۇچە، ئۇيغۇرچە «كاشغەر» دەپ يېزىلغان. 1878. يىلى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 1.75 گرام، دىئامېتىرى 15.1 — 15.6 ملليمېتر. ئالدى. ئارقا تەرىپىدە چاسا تۆشۈككە ئوخشايدىغان كىچىك چاسا شەكىل بار، ئالدى تەرىپىدىكى چاسا شەكىلنىڭ تۆت تەرىپىگە خەنزۇچە «گۇاڭشۈي كۈمۈش پۇلى» دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىدىكى چاسا شەكىلنىڭ يۇقىرى. تۆۋەن تەرىپىگە خەنزۇچە «بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان. سول تەرىپىگە مانجۇچە «كاشغەر» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كاشغەر، 95» دەپ يېزىلغان. ( ھىجرىيە 1295. يىل، مىلادى 1878. يىل).

• 291. گۇاڭشۈينىڭ بەش پۇڭلۇق كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىگە مانجۇچە، ئۇيغۇرچە «قەشقەر» دەپ تەتۈر يېزىلغان، 1878. يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.75 گرام. دىئامېتىرى 14.4— 14.8 ملليمېتر، ئالدى تەرىپىدىكى نەقىشلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، ئارقا تەرىپىدىكى چاسا شەكىلنىڭ يۇقىرى. تۆۋەن تەرىپىگە خەنزۇچە «بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، «پۇڭ» خېتى يوغان، لېكىن تەتۈر يېزىلغان، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كاشغەر» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە مانجۇ يېزىقىدا «كاشغەر» دەپ تەتۈر يېزىلغان.

• 292. گۇاڭشۈينىڭ بەش پۇڭلۇق كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىگە مانجۇچە «قەشقەردە قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان. 1878. يىلى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 1.8 گرام، دىئامېتىرى 14.9— 15.1 ملليمېتر، ئالدى تەرىپىدىكى نەقىش ۋە خەتلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، ئارقا تەرىپىدىكى چاسا شەكىلنىڭ يۇ. قىرى. تۆۋەن تەرىپىگە خەنزۇچە «بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، «بەش» خېتى كىچىك يېزىلغان، سول تەرىپىگە مانجۇچە «كاشغەر» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە مانجۇچە «ۋېلىمبى» (قۇيۇل. غان) دەپ يېزىلغان.

• 293. گۇاڭشۈينىڭ بەش پۇڭلۇق كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «خوتەن» دەپ يېزىلغان. 1879. يىلى قۇ. يۇلغان، ئېغىرلىقى 1.6 گرام، دىئامېتىرى 13.5— 14.7 ملليمېتر، ئالدى. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك چاسا تۆشۈككە ئوخشايدىغان چاسا شەكىل بار، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرچېكىت بار، ئالدى تەرىپىدىكى چاسا شەكىلنىڭ تۆت تە. رىپىدە خەنزۇچە «گۇاڭشۈي كۈمۈش پۇلى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان، خەتلەرقىيسىق يېزىلغان بولۇپ تونۇماق تەس، ئارقا تەرىپىدىكى چاسا شەكىلنىڭ يۇقىرى. تۆۋەن تەرىپىگە خەن. زۇچە «بەش پۇڭ» دەپ يېزىلغان، «بەش» خېتى كىچىك يېزىلغان، «پۇڭ» خېتى قىيسىق يېزىلغان بولۇپ، خەنزۇچە خەتكە ئوخشىماي قالغان. سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «خو»دەپ، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «تەن» (خوتەن) دەپ يېزىلغان.

• 294. گۇاڭشۈينىڭ بەش پۇڭلۇق كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «خوتەندە قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان. 1879. يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.7 گرام، دىئامېتىرى 14.8 — 16 ملل. لىمېتر، بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئارقا تەرىپىدىكى چاسا شەكىلنىڭ سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب» (قۇيۇلغان) دەپ يېزىلغان، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «خوتەن» دەپ يېزىلغان. باشقا جايلىرى ئوخشاش.

• 295. گۇاڭشۈينىڭ كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «يېڭىساردا قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان. 1878. يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.1 گرام، دىئامېتىرى 12— 13.2 ملليمېتر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆشۈككە ئوخشايدىغان كىچىك چاسا شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىگە خەنزۇچە «گۇاڭشۈي كۈمۈش پۇلى» دەپ يېزىلغان، لېكىن خەتلەر قىيسىق يېزىلغانلىقتىن تونۇماق تەس. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب يېڭىسار» (يېڭىساردا قۇيۇلغان) دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرىسىدا چاسا شەكىل يوق، قىممىتى بەش پۇڭ.

• 296. گۇاڭشۈينىڭ بىرىنچى يىلى پۇلى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «يېڭىساردا قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان. 1878. يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.6 گرام، دىئامېتىرى 11.8— 12.5 ملليمېتر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈككە ئوخشايدىغان كىچىك چاسا شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىگە خەنزۇچە «گۇاڭشۈينىڭ 1. يىلى» دېگەن خەت يې. زىلغان. خەت سەت يېزىلغان، بۇ خەت ئاز سانلىق مىللەت خەتچىسى تەقلىت قىلىپ يازغان خەتكە ئوخشاپ تۇرىدۇ. ئىلاۋە: گۇاڭشۈينىڭ 1. يىلى (1875) يېڭىسار ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان. ئۇ چاغدا ئىچكىرىنىڭ يۇمىلاق، چاسا تۆشۈكلۈك. گۇاڭشۈي يىلنامىسىدىكى پۇللارنى قۇيۇشى مۇم. كىن ئەمەس، بۇ پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە خەتلەرنىڭ مەزمۇنى، شەكلى يۇقىرىدىكى يېڭىساردا قۇيۇلغان گۇاڭشۈي كۈمۈش پۇلىنىڭكى بىلەن تامامەن ئوخشاش. شۇڭا 元年 (بىرىنچى يىلى) دېگەن خەت 银钱 (كۈمۈش پۇل) دېگەن خەتنىڭ ئورنىغا خاتا يېزىلىپ قالغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. قۇيۇلغان دەۋرىمۇ يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 297. گۇاڭشۈينىڭ بەش پۇڭلۇق كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىگە مانجۇچە «يېركىياڭ»، ئۇيغۇرچە «ياركەند» دەپ يېزىلغان. 1878. يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.8 گرام، دىئامېتىرى 15— 16.5 ملليمېتر، ئالدى. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈككە ئوخشايدىغان كىچىك چاسا شەكىل بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بىر چېكىت بار. چاسا شەكىلنىڭ تۆت تەرىپىگە خەنزۇچە «گۇاڭشۈي كۈمۈش پۇلى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. خەتلەرناچار يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى چاسا شەكىلنىڭ يۇقىرى. تۆۋەن تەرىپىگە خەنزۇچە «بەش پۇڭ» دېگەن خەت يېزىلغان، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ياركەند»

دەپ، ئوڭ تەرىپىگە مانجۇچە «يېركىياڭ» دەپ يېزىلغان.

• 298. گۇاڭشۈيىنىڭ بەش پۇڭلۇق كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىگە «يەكەندە قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان. 1878- يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 1.6 گرام، دىئامېتىرى 14.8 — 15.1 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىدىكى نەقىش ۋە خەتلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، ئارقا تەرىپىدىكى چاسا شەكلىنىڭ يۇقىرىقى تۆۋىنىدىكى «بەش پۇڭ» دېگەن خەتمۇ ئوخشايدۇ. لېكىن چاسا شەكلىنىڭ سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب» (قۇيۇلغان) دەپ يېزىلغان، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ياركەند» دەپ يېزىلغان. مانجۇچە يېزىلمىغان.

• 299. گۇاڭشۈيىنىڭ بەش پۇڭلۇق كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقىسىغا ئۇيغۇرچە «ياركەند» دەپ يېزىلغان، 1878- يىلى قۇيۇلغان . ئېغىرلىقى 1.7 گرام، دىئامېتىرى 13.3 — 14.9 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىدىكى نەقىش ۋە خەتلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش. ئارقا تەرىپىدىكى چاسا شەكلىنىڭ يۇقىرى- تۆۋىنىدىكى خەنزۇچە «بەش پۇڭ» دېگەن خەتمۇ ئوخشاش يېزىلغان. لېكىن ئۇنىڭ سول تەرىپىگە ئەرەبچە «1295» ( ھىجرىيە 1295- يىل، مىلادى 1878- يىل) دەپ، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ياركەند»دەپ يېزىلغان.

• 300. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، باۋچۇەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك قىزىل مىس پۇلى، 1878 — 1883- يىللىرى قۇيۇلغان. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ»، ئوڭ تەرىپىگە «سيۇۋەن» دەپ يېزىلغان، بۇ پۇل كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى بېيجىڭ باۋچۇەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ چيەنلۇڭ تۇڭباۋ يارماق پۇلىنى ئۆرنەك قىلىپ قۇيغان كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلى، بەلگىلەنگەن ئېغىرلىقى خۇنەن ئۆلچىمىدە 1.2 مىسقال (4.3 گرام)، ئەمەلىيەتتىكى ئېغىرلىقى 3.4 گرام.

• 301. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، باۋچۇەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك قىزىل مىس پۇلى، نۇسخىسى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، بىر دەۋردە قۇيۇلغان.

• 302. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، باۋچۇەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك قىزىل مىس پۇلى، 1878 — 1883- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.4 گرام، ئارقا سول تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ»، ئوڭ تەرىپىگە «چۇەن» دەپ يېزىلغان، كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى سىچۇەندىكى باۋچۇەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ چيەنلۇڭ تۇڭباۋ يارماق پۇلىنى ئۆرنەك قىلىپ قۇيغان كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلى.

• 303. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، باۋيۇەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك قىزىل مىس پۇلى، ئارقا تەرىپىدە يېرىم ئاي شەكلى بار، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.9 گرام، ئالدى- كەينىدىكى يېزىقلارمۇ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» دە، گۇاڭشۈينىڭ 4- يىلىدىن (1878) 9- يىلىغىچە (1883) كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇيغان داچەن پۇللارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئېغىرلىقى (خۇنەن ئۆلچىمىدە) 1.3 مىسقال (4.7 گرام)، ئارقا تەرىپىگە يېرىم ئاي شەكلىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى كۇچاردا قۇيۇلغان پۇللارنىڭ بەلگىسى قىلغانلىقى خاتىرلەنگەن.

• 304. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، باۋجې پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك قىزىل مىس پۇلى، 1878 — 1883- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 3.2 گرام، ئارقا سول تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ»، ئوڭ تەرىپىگە «جې» دەپ يېزىلغان، كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى باۋجې پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ چيەنلۇڭ تۇڭباۋ يارماق پۇلىنى ئۆرنەك قىلىپ قۇيغان كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلى.

• 305. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، باۋشەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك قىزىل مىس پۇلى، 1878 — 1883- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.6 گرام. ئارقا سول تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ»، ئوڭ تەرىپىگە «شەن» دەپ يېزىلغان. كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى شەنشى ئۆلكىسىدىكى باۋشەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ چيەنلۇڭ تۇڭباۋ يارماق پۇلىنى ئۆرنەك قىلىپ قۇيغان كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلى.

• 306. مىس پۇل شەكلىدىكى «بىر مىسقاللىق ساپ كۈمۈش پۇل»، 1880 — 1881- يىللىرى كۇچاردا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 73. 3 گرام، قېلىنلىقى 0.5 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 22.5 مىللىمېتىر، بۇ پۇلنى چىڭ خاندانلىقىنىڭ خان مۇپەتتىشى، شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باش ۋالىسى زو زوڭتاڭ لايىھىلىگەن. ئۇنىڭ شەكلى يۇملاق، چاسا تۆشۈكلۈك، بەلگىلىرى ئېنىق بولۇپ، «كۆرۈنۈشى روشەن، ئۆلچەملىك پۇلدەك چىققان»، ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «ساپ كۈمۈش بىر مىسقال» دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە «بىر مىسقال» دەپ، ئاستىغا «كۈمۈش» دەپ يېزىلغان.

• 307. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي» دەپ يېزىلغان كىچىك مىس پۇل، 1878 — 1883- يىللىرى كۇچاردا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.6 گرام، ئارقىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كاڭ»، سول تەرىپىگە «شۈي» دەپ يېزىلغان، بۇ بىر ئىجادىي شەكىل بولۇپ، گۇاڭشۈي يىللىرىدىكى كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلىغا كىرىدۇ.

• 308. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي» دەپ يېزىلغان كىچىك مىس پۇل، يۇقىرىسىدا يېرىم ئاي شەكلى بار، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە، بىر ئورۇندا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.6 گرام. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» دە: گۇاڭشۈينىڭ 4- يىلىدىن (1878) 9- يىلىغىچە (1883) كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇيغان داچەن پۇللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە بەلگە قىلىپ يېرىم ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەنلىكى خاتىرلەنگەن.

• 309. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان كىچىك مىس پۇل، 1878 — 1883- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.3

گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «كۆچې»، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كۆچا» دەپ يېزىلغان. گۇاڭشۈي يىللىرىدىكى كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلى.

• 310. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان كىچىك مىس پۇل، شەكلى يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدۇ، لېكىن بىر دەۋردە قۇيۇلغان.

• 311. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان كىچىك مىس پۇل، 1878ـــ 1883- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.1 گرام. ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى- تۆۋىنىگە خەنزۇچە «كۇچار ئىدارىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان، سول تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ»، ئوڭ تەرىپىگە «كۆچې» دەپ يېزىلغان. ئوڭ تەرەپتىكى خەتنىڭ شەكلى ئۆزگىچە. ئارقا تەرىپىگە «كۇچار ئىدارىسى» دەپ يېزىلىشى بىر خىل ئىجادىي شەكىل. بۇمۇ گۇاڭشۈي يىللىرىدىكى كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلى.

• 312. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان كىچىك مىس پۇل. ئۇيغۇرچە خەتلەرنىڭ يېزىلىشىدا ئۆزگىرىش بار، مانجۇچە خەتنىڭ يېزىلىشىدىمۇ ئازراق پەرق بار. باشقا جايلىرى ئوخشاش، ئېغىرلىقى 4 گرام.

• 313. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، باۋچۇەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، 1878ـــ 1883- يىللىرى كۇچاردا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.55 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇ يېزىقىدا «باۋ»، ئوڭ تەرىپىگە «سيۈۋەن» دەپ يېزىلغان. بۇ پۇل كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى بېيجىڭدىكى باۋچۇەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ گۇاڭشۈي تۇڭباۋ يارماق پۇلىنى ئۈلگە قىلىپ قۇيغان داچەن پۇل. ئەلۋەتتە: كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى ياقۇپبەگ توپىلىڭىدىن كېيىن قايتا قۇرۇلغان، دەسلەپكى بەش يىلدا ئاۋالقى قائىدىلەرگە تامامەن رىئايە قىلىپ كەتمىگەن. خەت شەكىللىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، پۇللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئىچكىرىدىكى پۇل قۇيۇش ئىدارىلىرىنىڭ نامىنى يېزىپ قويغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى.

• 314. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، باۋچۇەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان، لېكىن نۇسخىسى ئوخشىمايدۇ.

• 315. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، باۋچۇەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، ئېغىرلىقى 3.25 گرام. ئارقا تەرىپىدىكى «چۇەن» خېتىنىڭ مانجۇچە يېزىلىشى ئادەتتىكى خەت شەكلىگە ئوخشىمايدۇ.

• 316. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، باۋچۇەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك مىس پۇلى، مانجۇچە خېتى بىر- بىرىگە تەتۈر قىلىپ يېزىلغان. ئېغىرلىقى 3.2 گرام. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 317. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان كىچىك مىس پۇل، 1878ـــ 1883- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.2 گرام.

• 318. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان كىچىك مىس پۇل، 1878ـــ 1883- يىللىرى قۇيۇيلغان. ئېغىرلىقى 3.2 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «كۆچې»، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كۆچا» دەپ يېزىلغان. مەزكۇر پۇل كۇچارنىڭ كىچىك مىس پۇلى -چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى بىلەن قېرىنداش، 20 پىرسەنت چيەنلۇڭ يىلنامىسىدا، 40 پىرسەنت گۇاڭشۈي يىلنامىسىدا پۇل قۇيۇش قائىدىسى بويىچە، بىر دەۋردە قۇيۇلغان.

• 319. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى ، كۇچاردا قۇيۇلغان. كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى ، 1883- يىلى قۇيۇلغان ، ئېغىرلىقى 4.75 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «كۆچې»، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كۆچا» دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» دە: گۇاڭشۈينىڭ 9- يىلىدىن (1883) باشلاپ، ھەر يىلى داچەن پۇل قۇيغاندا «40 پىرسەنت چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلىنى قۇيۇش. پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە «ئون يارماقلىق» دەپ يېزىش، بەنلا كونا ئۆلچەمگە ئەمەل قىلىش» بەلگىلەنگەنلىكى خاتىرلەنگەن. شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەر بىر كىچىك مىس پۇلغا خەنزۇچە «ئون» دەپ يېزىشقا مەجبۇر بولغان، چۈنكى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار پۇلدا «ئون» دېگەن خەنزۇچە خەت بولمىسا «ساختا پۇل دەپ گۇمانلىنىپ خەجلەشكە ئۇنۇمىغان» لىقتىن ھۆكۈمەت پۇلغا «ئون» خېتىنى قوشۇپ «راۋانلاشتۇرغان»، بۇ پۇلمۇ كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلغا كىرىدۇ.

• 320. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1885ـــ 1906- يىللىرى قۇيۇلغان. ئارقىسىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ كۆچې» (كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى ) دەپ يېزىلغان. ئېغىرلىقى 4.1 گرام. ئارقا تەرىپىنىڭ ئاستى- ئۈستىگە «كۇچار ئون» دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» دە: گۇاڭشۈينىڭ 11- يىلى (1885) ، كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى داچەن پۇلنىڭ ئارقا ئوڭ- سول تەرىپىدىكى مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەرگە «كۇچار» دېگەننى قوشۇپ، كۇچاردا قۇيۇلغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۇنىڭ ئاستىغا «ئون» دەپ يېزىپ پۇلنى «راۋانلاشتۇرغان» دەپ خاتىرلىگەن. بۇ پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى مانجۇچە، خەنزۇچە خەتلەر چوڭراق يېزىلغان.

• 321. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئېغىرلىقى 5.3 گرام. ئارقا تەرىپىدىكى مانجۇچە، خەنزۇچە خەتلەر كىچىكرەك يېزىلغان. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 322. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1885ـــ 1906- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.5 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە « كۆچې » ، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە « كۆچا » دەپ يېزىلغان ، يۇقىرى - تۆۋەن تەرىپىگە خەنزۇچە « كۇچار ئون » دەپ

يېزىلغان. بۇ - گۇگشۈي يىللىرىدا قۇيۇلغان داۋگۇاڭ يىلنامىسىدىكى داچەن پۇل.

. 323. تۇگچى تۇگباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1885 - 1906 - يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.05 گرام. ئارقىسىدىكى مانجۇچە، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە خەتلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش. بۇ - گۇگشۈي يىللىرىدا قۇيۇلغان تۇگچى يىلنامىسىدىكى داچەن پۇل.

. 324. تۇگچى تۇگباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان. كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئۇيغۇرچىسىنىڭ يېزىلىشىدا پەرق بار. ئېغىرلىقى 4 گرام. ئارقىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كۇچا» دەپ يېزىلغان. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 325. تۇگچى تۇگباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان. كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئارقا تەرىپىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا يېرىم ئاي شەكلى بار. ئېغىرلىقى 3.75 گرام. ئارقىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كۇچا» دەپ يېزىلغان. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 326. تۇگچى تۇگباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئارقا تەرىپىدە تۆت يەردە يېرىم ئاي شەكلى بار، ئېغىرلىقى 4 گرام. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 327. تۇگچى تۇگباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1885ــ 1906- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 5.25 گرام. ئارقىسىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ كۇچې» (كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى) دەپ، يۇقىرى- تۆۋەن تەرىپىگە خەنزۇچە «كۇچار ئون» دەپ يېزىلغان. بۇــ گۇاڭشۈي يىللىرىدا قۇيۇلغان تۇگچى يىلنامىسىدىكى داچەن پۇل.

. 328. گۇاڭشۈي تۇگباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1885ــ 1906- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.8 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «كۇچې»، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كۇچا» دەپ يېزىلغان، يۇقىرى- تۆۋەن تەرىپىگە خەنزۇچە «كۇچار ئون» دەپ يېزىلغان. بۇ پۇل «داۋگۇاڭ، تۇگچى تۇگباۋ پۇلى، كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ پۇلى، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى» بىلەن بىر دەۋرنىڭ پۇلى.

. 329. گۇاڭشۈي تۇگباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئارقىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يېرىم ئاي شەكلى بار، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 5.8 گرام. ئارقىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە «كۇچا» دىگەن خەتنىڭ يېزىلىش شەكلى ئۆزگەرگەن. بۇ پۇل تۇگچى تۇگباۋ پۇلى، كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ پۇلى بولۇپ، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇللىرىنىڭ ئارقا ئوڭ تەرەپ بۆلۈكىدا يېرىم ئاي شەكلى بارلىرى بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان.

. 330. گۇاڭشۈي تۇگباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان. كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئارقىسىدا يېرىم ئاي شەكلىدىن ئىككىسى بار، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.75 گرام. ئارقىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە «كۇچا» دېگەن خەتنىڭ يېزىلىشى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، لېكىن، سول تەرەپ يۇقىرى بۆلۈكى بىلەن ئوڭ تەرەپ تۆۋەن بۆلۈكىدا بىردىن يېرىم ئاي شەكلى بار. ئىلاۋە: داچەن پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە يېرىم ئاي شەكلىنى چۈشۈرۈش كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ بەلگىسى. دەسلەپتە پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدە ھېچقانداق خەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يېرىم ئاي شەكلى پۇلنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان، كېيىن ئارقا تەرىپىگە خەت يېزىلغانلىقتىن، يېرىم ئاي شەكلى پۇلنىڭ بۆلۈكلىرىگە چۈشۈرۈلمىگەن بولغان، ئاي شەكلى بىردىن ئىككىگە كۆپەيگەن، ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆتكە يەتكەن.

. 331. گۇاڭشۈي تۇگباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان. كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، چوڭ خەتلىك، 1885ــ 1906 - يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 4.2 گرام، ئارقىسىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە مانجۇچە «كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى» دەپ، يۇقىرى- تۆۋەن قىسمىغا خەنزۇچە «كۇچار ئون» دەپ يېزىلغان. ئالدى- ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەر بىرقەدەر چوڭ يېزىلغان. بۇ پۇل «چيەنلوڭ تۇگباۋ پۇلى، كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ پۇلى»، «كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى» بىلەن بىر دەۋردە قۇيۇلغان.

. 332. گۇاڭشۈي تۇگباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، كىچىك خەتلىك، ئېغىرلىقى 4.2 گرام. بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان جايى شۇكى، ئارقىسىدىكى خەتلەر كىچىكرەك يېزىلغان.

. 333. گۇاڭشۈي تۇگباۋ پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، خەنزۇچە «باۋ» خېتىنىڭ يېزىلىشىدا خاتالىق بار. 1885ــ 1906- يىللىرى قۇيۇلغان.

. 334. چيەنلوڭ تۇگباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئاقسۇ ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1883- يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.2 گرام (ئېغىرلىقى خۇنەن ئۆلچىمىدە 1.3 مىسقال، 4.7 گرام بەلگىلەنگەن). ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «ئاقسۇ»، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» دە: گۇاڭشۈينىڭ 9- يىلىدىن (1883) باشلاپ، ھەر يىلى داچەن پۇل قۇيغاندا «40 پىرسەنت چيەنلوڭ تۇگباۋ پۇلىنى قۇيۇش، پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە «ئون» دەپ يېزىش، يەنىلا كونا ئۆلچەمگە ئەمەل قىلىش» بەلگىلەنگەنلىكى خاتىرلەنگەن. بۇــ كېيىنكى چيەنلوڭ داچەن پۇلى.

• 335. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئاقسۇ ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1886 ــ 1892- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 3.9 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «ئاقسۇ»، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دەپ يېزىلغان. يۇقىرى- تۆۋەن تەرىپىگە خەنزۇچە «ئاقسۇ ئۇن» دەپ يېزىلغان. گۇاڭشۈي يىللىرىدا قۇيۇلغان كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلى.

• 336. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان. ئاقسۇ ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئېغىرلىقى 3.7 گرام. يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشايدىغان يېرى شۇكى، ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دېگەن خەتنىڭ يېزىلىشى باشقىچە.

• 337. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئاقسۇ ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1886 ــ 1892- يىللىرى قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 3.1 گرام. ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش. گۇاڭشۈي يىللىرىدا قۇيۇلغان داۋگۇاڭ داچەن پۇلى. گۇاڭشۈينىڭ 20- يىلى (1886) كۆچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى ئاقسۇغا كۆچۈرۈلۈپ، ئاقسۇ پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ تەييار چارىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، چيەنلۇڭ پۇلىدىن باشقا ئىلگىركى يىلنامىلەردىكى پۇللارنىمۇ قۇيغان.

• 338. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئاقسۇ ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1886 ــ 1892- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.9 گرام. ئارقىسىدىكى خەتلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، ئۇيغۇرچىسى سوزۇنچاق يېزىلغان.

• 339. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئاقسۇ ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى ، ئېغىرلىقى 3.8 گرام. ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش. ئۇيغۇرچىسى كالتە يېزىلغان.

• 340. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئاقسۇ ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى ، ئېغىرلىقى 4.4 گرام ، دىئامېتىرى 25.5 مىللىمېتىر، ئارقا تەرىپىدىكى خەنزۇچە «باۋ» خېتىنىڭ بىر سىزىقى كەم يېزىلغان، ئارقا تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچىسىنىڭ يېزىلىشى ئۆزگەرگەن.

• 341. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئاقسۇ ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئېغىرلىقى 4.6 گرام. ئارقا تەرىپىتىكى ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دېگەن خەتنىڭ ئاستىدا كىچىك چەمبەر شەكلى بار. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش. ئىلاۋە: ئاقسۇ پۇل قۇيۇش ئىدارىسى ياقۇببەگ توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن قايتا قۇرۇلغان. دەسلەپتە بەزى پۇللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە بىر كىچىك چەمبەر شەكلىنى چۈشۈرۈپ بەلگە قىلغان. چۈنكى ئۇ چاغدا قۇيۇلغان پۇللارنىڭ ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن قىسمىدا خەت بولمىغان، كېيىن ئارقىسىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپى، يۇقىرى- تۆۋەن قىسمىغا خەت يېزىلىدىغان بولغاندا، كىچىك چەمبەر شەكلى ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دېگەن خەتنىڭ ئاستىغا جايلاشتۇرۇلۇپ، ئاقسۇ پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى قىلىنغان.

• 342. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئاقسۇ ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر ئايرىم شەكىلدە يېزىلغان، 1886 ــ 1892- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.75 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە، ئوڭ تەرىپىدىكى مانجۇچە «ئاقسۇ» دېگەن خەتلەر غەيرى شەكىلدە يېزىلغان.

• 343. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان. ئۈرۈمچى ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئارقىسىدىكى مانجۇچە خەت چوڭ يېزىلغان، 1886 ــ 1908- يىللىرى ئۈرۈمچى باۋشىن پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇيغان. ئېغىرلىقى 5 گرام. ئارقىسىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە مانجۇچە «ئۈرۈمچى پۇل قۇيۇش ئىدارىسى» دەپ چوڭ يېزىلغان. يۇقىرى- تۆۋەن قىسمىغا خەنزۇچە «ئۈرۈمچى ئۇن» دېگەن خەت يېزىلغان. ئىلاۋە: ئۈرۈمچى باۋشىن پۇل قۇيۇش ئىدارىسى گۇاڭشۈينىڭ 12- يىلى (1886) قايتا قۇرۇلۇپ، داچەن پۇل قۇيغان، ھەر بىرسىنىڭ ئېغىرلىقى خۇنەن ئۆلچىمىدە 1.3 مىسقال (4.7 گرام) قىلىپ بەلگىلەنگەن.

• 344. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان. ئۈرۈمچى ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئېغىرلىقى 3.2 گرام. ئارقىسىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىدىكى مانجۇچە «ئۈرۈمچى پۇل قۇيۇش ئىدارىسى» دېگەن خەتلەر كىچىكرەك يېزىلغان. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 345. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان، ئۈرۈمچى ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئارقىسىدىكى خەتلەر خاتا بېسىلغان. ئېغىرلىقى 4.5 گرام. مەزكۇر پۇل قۇيۇلغان چاغدا، قېلىپ قوزغىلىپ كەتكەنلىكتىن، خەتلەرنىڭ ئورنى سۈرۈلۈپ تەكرار ئىز چىققان. ئارقىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى خەنزۇچە «十» (10) خېتى ئۆزگىرىپ «廿» (20) بولۇپ قالغان. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 346. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، قەشقەردە قۇيۇلغان، قەشقەر ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئارقا تەرىپىدىكى مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر ئايرىم شەكىلدە يېزىلغان. 1888 ــ 1902- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.25 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە، ئوڭ تەرىپىگە مانجۇچە «كاشغەر» دەپ غەيرىي شەكىلدە يېزىلغان، يۇقىرى- تۆۋەن قىسمىغا خەنزۇچە «قەشقەر ئۇن» دېگەن خەت يېزىلغان.

• 347 گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، قەشقەردە قۇيۇلغان، قەشقەر ئۇن يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، ئارقا تەرىپىدىكى مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر ئايرىم شەكىلدە يېزىلغان. ئېغىرلىقى 3.15 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە «قەشقەر» دې-

گەن خەت ئۆزگىچە يېزىلغان. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 348. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى. قەشقەردە قۇيۇلغان. قەشقەر ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى. ئارقا تەرىپىدىكى مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر ئايرىم شەكىلدە يېزىلغان. ئۇيغۇرچىسىنىڭ يېزىلىشى ئۆزگەرگەن (ئەۋرىشكە پۇل). مەزكۇر پۇل ئىنتايىن سىرتا ئىشلەنگەن.

• 349. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى. قەشقەردە قۇيۇلغان. قەشقەر ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى. 1888— 1902- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.5 گرام. ئارقا تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ»، ئۇيغۇرچە «كاشغەر» دەپ يېزىلغان. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 350. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى. ئاقسۇدا قۇيۇلغان. ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە «9» دەپ يېزىلغان كىچىك مىس پۇل. 1883- يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 9- يىلى) قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.6 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دەپ يېزىلغان. يۇقىرى تەرىپىگە خەنزۇچە «9» دەپ يېزىلغان، تۆۋەن تەرىپى ئاق قالغان. خەنزۇچە «9» خېتى گۇاڭشۈينىڭ 9- يىلى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ خاتىرە پۇلى، بۇمۇ كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلى.

• 351. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى. كۇچاردا قۇيۇلغان. «9- يىل ئون» كىچىك مىس پۇلى. 1883- يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.6 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «كۇچې»، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كۇچا» دەپ يېزىلغان. يۇقىرى تەرىپىگە خەنزۇچە «9- يىل»، تۆۋەن تەرىپىگە خەنزۇچە «ئون» دەپ يېزىلغان. «9- يىل» گۇاڭشۈينىڭ 9- يىلى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ خاتىرە پۇلى، «ئون» ھۆكۈمەت قۇيغان پۇلنىڭ بەلگىسى بولۇپ، «ئون يارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدىغان بولغان.

• 352. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى. كۇچاردا قۇيۇلغان. «9- يىل ئون» كىچىك مىس پۇلى. 1883- يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.75 گرام. ئارقىسىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە مانجۇچە «كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى» دەپ يېزىلغان. «9- يىل ئون» نىڭ مەنىسى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 353. داۋگۇاڭ تۇڭباۋ پۇلى. كۇچاردا قۇيۇلغان. ئۈرۈمچى ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى. 1886— 1906- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.8 گرام. ئارقىسىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە مانجۇچە «كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى» دەپ يېزىلغان. يۇقىرى- تۆۋەن قىسمىغا خەنزۇچە «ئۈرۈمچى ئون» دەپ يېزىلغان. مەزكۇر پۇلنى كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى ئۈرۈمچى پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن قۇيغان. ئۈرۈمچى پۇل قۇيۇش ئىدارىسى تارقاتقان. بۇ— گۇاڭشۈي يىللىرىدا قۇيۇلغان كېيىنكى داۋگۇاڭ يىلنامىسىدىكى پۇل.

• 354. تۇڭجى تۇڭباۋ پۇلى. كۇچاردا قۇيۇلغان. ئۈرۈمچى ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى. ئېغىرلىقى 5.1 گرام قۇيۇلغان ۋاقتى ۋە ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش. گۇاڭشۈي يىللىرىدا قۇيۇلغان كېيىنكى تۇڭجى يىلنامىسىدىكى پۇل.

• 355. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى. كۇچاردا قۇيۇلغان. ئۈرۈمچى ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى. ئېغىرلىقى 4.65 گرام قۇيۇلغان ۋاقتى ۋە ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 356. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى. بېيجىڭ باۋچۈەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ قەشقەر كىچىك مىس پۇلى. 1892— 1902- يىللىرى كۇچاردا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.3 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ»، ئوڭ تەرىپىگە «چۈەن» دەپ يېزىلغان، يۇقىرى- تۆۋەن قىسمىغا خەنزۇچە «قەشقەر» دېگەن خەت يېزىلغان. مەزكۇر پۇلنى قەشقەر پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇيغان. مانجۇچە يېزىلغان «باۋچۈەن» دېگەن خەت بېيجىڭ باۋچۈەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ ئىسمى، يۇقىرى قىسمىغا يېزىلغان خەنزۇچە «喀» خېتى پۇل تارقاتقۇچى ئورۇن «قەشقەر» پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى، تۆۋەن قىسمىغا يېزىلغان خەنزۇچە «什» خېتى «十» (ئون) خېتىنىڭ ئورنىغا خاتا يېزىلىپ قالغان. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» دە: «十» (ئون) خېتى شۇ چاغدا ھۆكۈمەت قۇيغان پۇلنىڭ بەلگىسى بولغان. ئەگەر يېڭى قۇيۇلغان پۇلدا خەنزۇچە «ئون» خېتى بولمىسا، قەشقەر قاتارلىق غەربىي تۆت شەھەردە ئاران يېرىم داچەن قىممىتىدە خەجلىنەتتى. بۇ پۇلدا خەت خاتالىقى بولغانلىقتىن، دەرھال توختىتىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئوبوروت قىلىنغان ۋاقتىمۇ ناھايىتى قىسقا بولغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ پۇلمۇ گۇاڭشۈي يىللىرىدا قۇيۇلغان كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلىغا كىرىدۇ.

• 357. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى. كۇچاردا قۇيۇلغان. قەشقەر ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى. 1892— 1902- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.1 گرام. ئارقىسىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە مانجۇچە «كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى» دەپ يېزىلغان. يۇقىرى- تۆۋەن قىسمىغا خەنزۇچە «قەشقەر ئون» دېگەن خەت يېزىلغان. بۇ پۇلنى كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قەشقەر پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن قۇيغان. گۇاڭشۈي يىللىرىدا قۇيۇلغان كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلىغا كىرىدۇ.

• 358. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى. كۇچاردا قۇيۇلغان، قەشقەر ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى. 1892— 1902- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.9 گرام. ئارقىسىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە مانجۇچە «كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى» دەپ يېزىلغان، يۇ-

قىرى. تۆۋەن قىسمىغا خەنزۇچە «قەشقەر ئون» دەپ يېزىلغان. بۇ پۇلنى كۆچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قەشقەر پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن قۇيغان. قەشقەر پۇل قۇيۇش ئىدارىسى تارقاتقان.

. 359. چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، قەشقەر ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى ، 1888 — 1892- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.5 گرام. ئارقىسىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دەپ يېزىلغان. يۇقىرى. تۆۋەن قىسمىغا خەنزۇچە «قەشقەر ئون» دەپ يېزىلغان. بۇ پۇلنى ئاقسۇ پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قەشقەر پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن قۇيغان، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دېگەن خەت پۇل قۇيغان ئىدارىنىڭ ئىسمى، خەنزۇچە «喀» خېتى پۇل تارقاتقۇچى قەشقەر پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ قىسقىچە ئاتىلىشى. ئىلاۋە: قەشقەر پۇل قۇيۇش ئىدارىسى گۇاڭشۈيىنىڭ 14- يىلى (1888) قايتا قۇرۇلغان، ئاقسۇ پۇل قۇيۇش ئىدارىسى بولسا گۇاڭشۈينىڭ 18- يىلى (1892) كۇچارغا كۆچۈرۈلگەن، بۇ پۇل مۇشۇ تۆت يىل ئىچىدە قۇيۇلغان، كېيىنكى چيەنلۇڭ داچەن پۇلىغا كىرىدۇ.

. 360. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، ئاقسۇدا قۇيۇلغان، قەشقەر ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1888 — 1892- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.6 گرام. ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەر يۇقۇرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 361. گۇاڭشۈينىڭ بەش مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى، ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل يېزىقتا خەت يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدە ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بار، 1889 - يىلى ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 18 گرام. دىئامېتىرى 35 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە «گۇاڭشۈينىڭ بەش مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى»، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي خاننىڭ بەش مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى، 1307»، ئوڭ تەرىپىگە مانجۇچە «گۇاڭشۈينىڭ بەش مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى» دەپ يېزىلغان. پۇلنىڭ يۈزى مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە خەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن، بۇ خىلدىكى پۇل ئاز ئۇچرايدۇ. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى ئاجايىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇسلۇبى ئاددىي. ئالدى- ئارقا تەرەپلىرىنىڭ چۆرىسىگە گۈللۈك پەۋەز چىقىرىلىپ، ئىچىگە يوپۇرماق شەكلىدە نەقىش ئىشلەنگەن.

. 362. گۇاڭشۈينىڭ ئۈچ مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى. ئالدى تەرىپىدە خەنزۇچە، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل يېزىقتىكى خەتلەر بار. ئارقا تەرىپىدە ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بار. ئېغىرلىقى 10.2 گرام، دىئامېتىرى 31.7 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 1.4 مىللىمېتىر. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر يۈرۈش، جەمئىي ئىككى دانە. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە «گۇاڭشۈينىڭ ئۈچ مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى» دېگەن خەتلەر، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي خاننىڭ ئۈچ مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى، 1307» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە مانجۇچە «گۇاڭشۈينىڭ ئۈچ مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى» دەپ يېزىلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ چۆرىسىگە ئانا شەكلىدە گۈل چىقىرىلغان. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى بەش مىسقاللىق كۈمۈش پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 363. گۇاڭشۈينىڭ بەش مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان. بۇ- مۇشۇ خىلدىكى پۇللارنىڭ بىرى. 1892 — 1896- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 16.9 گرام. قېلىنلىقى 2.6 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 30.5 مىللىمېتىر. ئالدى- كەينى تەرەپ چۆرىسىدە چىش شەكلىدە نەقىش بار. ئالدى تەرىپىنىكى «بەش مىسقال» دېگەن خەنزۇچە خەتتىكى «بەش» خېتىگە «//᷊» قىلىپ يېزىلغان. باشقا نەقىش نۇسخىلىرى يوق، بۇ پۇل جۇڭگو پۇللىرىنىڭ سىيدام، ئاددىي بولۇشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىغا ئىگە. ئارقا تەرىپىگە (تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىپ) «زەرب كاشغەر، بەش مىسقال، 1310» (قەشقەردە قۇيۇلغان بەش مىسقاللىق پۇل ھىجرىيە 1310- يىل) دەپ يېزىلغان. (ھىجرىيە 1310 - يىلى مىلادى 1892- يىل 7- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 1893- يىل 7- ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ). چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى يوپۇرماق شەكلىدە نەقىشلىرى بار. مەزكۇر پۇلنىڭ نەقىش ۋە خەتلىرىنىڭ ئۇسلۇبى ئىچكىرىنىڭ بىر دەۋردە قۇيۇلغان لۇڭياڭ پۇلى (جۇڭگونىڭ ئەجدىھار سۈرەتلىك كۈمۈش پۇلى) غا زادىلا ئوخشىمايدۇ.

. 364. گۇاڭشۈينىڭ ئۈچ مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان، يۇقىرىدىكى بىلەن بىر قاتاردىكى پۇل. ئېغىرلىقى 10.2 گرام، قېلىنلىقى 2.1 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 26.2 مىللىمېتىر، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر ئۈچ مىسقال، 1310» (قەشقەردە قۇيۇلغان، ئۈچ مىسقال، ھىجرىيە 1310- يىل) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا 9 گۈل نۇسخىسى بار.

. 365. گۇاڭشۈينىڭ بىر مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان، يۇقىرىدىكى بىلەن بىر قاتاردىكى پۇل. ئېغىرلىقى 3.3 گرام، قېلىنلىقى 1.5 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 18.5 مىللىمېتىر. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر، بىر مىسقال، 1310» (قەشقەردە قۇيۇلغان، بىر مىسقال، ھىجرىيە 1310- يىل) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا 9 گۈل نۇسخىسى بار.

. 366. گۇاڭشۈينىڭ كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە قۇيۇلغان، بىر مىسقال» دەپ يېزىلغان. بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىدە خەنزۇچە «بىر مىسقال» دېگەن خەت يوق، ئارقا تەرىپى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 367. گۇاڭشۈينىڭ كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقاتەرىپىگە خەنزۇچە «بىر مىسقال»، ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەنگەن، بىر مىسقال» دەپ يېزىلغان. ئېغىرلىقى 3.3 گرام، قېلىنلىقى 1.5 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 18.5 مىللىمېتىر. ئالدى يۈزىنىڭ تۆت

تەرىپىگە خەنزۇچە «گۇاڭشۈينىڭ كۈمۈش پۇلى» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك شەكىلدە خەنزۇچە «بىر مىسقال» دەپ يېزىلغان، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر» (قەشقەردە ئىشلەنگەن) دەپ، سول تەرىپىگە «بىر مىسقال» دەپ يېزىلغان.

. 368. گۇاڭشۈينىڭ كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە «بىر مىسقال»، ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەنگەن، بىر مىسقال 1310» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشمايدىغان يېرى بۇ پۇلدا يىل خاتىرلەنگەن.

. 369. گۇاڭشۈينىڭ ئىككى مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەنگەن» دەپ يېزىلغان. گۇاڭشۈينىڭ بەش مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگىسى بىلەن بىر قاتاردىكى پۇل. ئېغىرلىقى 6.8 گرام، قېلىنلىقى 1.8 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 23.4 مىللىمېتر. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر، ئىككى مىسقال، 1310» (قەشقەردە ئىشلەنگەن، ئىككى مىسقال، ھىجرىيە 1310) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن 9 گۈل نۇسخىسى بار.

. 370. گۇاڭشۈينىڭ ئىككى مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەنگەن» دەپ يېزىلغان. يېزىلىش شەكلى باشقىچە.

. 371. قەشقەرنىڭ بەش مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان. بۇ پۇل بىر يۈرۈش پۇللارنىڭ بىرى. 1896ـــ 1902. يىلى قۇيۇلغان. «گۇاڭشۈينىڭ بەش مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان پۇلدىن كېيىن قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 16.1 گرام، قېلىنلىقى 2.4 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 30.7 مىللىمېتر، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە (تۆۋەندىن يۇقىرىغا) «زەرب كاشغەر بەش مىسقال، 1314» (قەشقەردە قۇيۇلغان بەش مىسقال، ھىجرىيە 1314. يىل، مىلادى 1896. يىل 6. ئاينىڭ 12. كۈنىدىن 1897. يىل 6. ئاينىڭ 1. كۈنىگىچە) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن يۇپۇرماقسىمان نەقىشلەر بار. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «قەشقەر» دېگەن خەت ئارتۇق يېزىلغان. باشقا جايلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش.

. 372. قەشقەرنىڭ ئۈچ مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر يۈرۈش پۇل، ئېغىرلىقى 10.3 گرام، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 26.9 مىللىمېتر، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر ئۈچ مىسقال، 1314» (قەشقەردە قۇيۇلغان، ئۈچ مىسقال، ھىجرىيە 1314. يىل) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن 9 گۈل نۇسخىسى بار.

. 373. قەشقەرنىڭ ئىككى مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. يۇقىرىدىكى بىلەن بىر يۈرۈش پۇل. ئېغىرلىقى 6 گرام، قېلىنلىقى 1.6 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 23.7 مىللىمېتر. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر ئىككى مىسقال، 1314» (قەشقەردە ئىشلەنگەن، ئىككى مىسقال، ھىجرىيە 1314. يىل) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن 9 گۈل نۇسخىسى بار.

. 374. قەشقەرنىڭ بىر مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى. ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. يۇقىرىدىكى بىلەن بىر يۈرۈش پۇل. ئېغىرلىقى 3.4 گرام قېلىنلىقى 1.5 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 17.7 مىللىمېتر، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر بىر مىسقال، 1314» (قەشقەردە ئىشلەنگەن، بىر مىسقال، ھىجرىيە 1314. يىل) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن 9 گۈل نۇسخىسى بار.

. 375. شەخسلەر قۇيدۇرغان قەشقەرنىڭ بەش مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار.

. 376. قەشقەردە قۇيۇلغان بەش مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. بۇ بىر يۈرۈش پۇللارنىڭ بىرى. 1902ـــ 1904. يىللىرى قۇيۇلغان. ۋاقتى «قەشقەرنىڭ بەش مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى» دىن كېيىن قەشقەردە قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 17.1 گرام، قېلىنلىقى 2.5 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 31.3 مىللىمېتر. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرپ كاشغەر، بەش مىسقال 1320» (قەشقەردە ئىشلەنگەن. بەش مىسقال، ھىجرىيە 1320. يىل، مىلادى 1902. يىل 4. ئاينىڭ 10. كۈنىدىن 1903. يىل 3. ئاينىڭ 29. كۈنىگىچە) دەپ يېزىلغان. ئالدى تەرىپىگە «ئىشلەنگەن» دېگەن سۆز قوشۇپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن يوپۇرماقسىمان نەقىشلەر بار . باشقا جايلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش.

. 377. قەشقەردە ئىشلەنگەن ئۈچ مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار، يۇقىرىدىكى بىلەن بىر يۈرۈش پۇل. ئېغىرلىقى 9.75 گرام. قېلىنلىقى 2 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 26.7 مىللىمېتر. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر، ئۈچ مىسقال، 1320» (قەشقەردە ئىشلەنگەن، ئۈچ مىسقال ھىجرىيە 1320. يىل) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن 9 گۈل نۇسخىسى بار.

. 378. قەشقەردە ئىشلەنگەن ئىككى مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. يۇقىرىدىكى بىلەن بىر يۈرۈش پۇل. ئېغىرلىقى 6.4 گرام، قېلىنلىقى 1.5 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 23.7 مىللىمېتر. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرپ كاشغەر، ئىككى مىسقال، 1320» (قەشقەردە ئىشلەنگەن، ئىككى مىسقال، ھىجرىيە 1320. يىل) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن 9 گۈل نۇسخىسى بار.

. 379. قەشقەرنىڭ بىر مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى. ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. 1904. يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.6

گرام، قېلىنلىقى 1.6 مىللىمېتر، دىئامېترى 17.5 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك شەكىلدە خەنزۇچە «بىر مىسقال» دەپ، ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىگە خەنزۇچە «قەشقەر» دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە چېشىمان نەقىشلەر بولغاندىن تاشقىرى، باشقا نەقىش يوق. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر بىر مىسقال، 1322» (قەشقەردە ئىشلەنگەن، بىر مىسقال، ھىجرىيە 1322 ـ يىل) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن گۈل ـ گىياھنىڭ نەقىشى بار. بۇ يۇقىرىدىكى پۇللار قاتارىغا كىرمەيدىغان باشقا بىر خىل پۇل، لېكىن قۇيۇلغان ۋاقتى يۇقىرىدىكى پۇللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلىدىكى بىلەن ئوخشاش، شۇڭا يۇقىرىدىكى پۇلدىن كېيىنكى قاتارغا كىرگۈزۈلدى.

. 380. ئاقسۇنىڭ ئىككى مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. بۇ يۇقىرىدىكىلەر بىلەن بىر يۈرۈش پۇل. 1883 ـ 1896 ـ يىللىرى ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 6.8 گرام، قېلىنلىقى 1.6 مىللىمېتر، دىئامېترى 23.7 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «圆» خېتىنىڭ ئورنىغا «元» خېتى يېزىلغان بولۇپ، شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان «元» خېتى يېزىلغان بىر يۈرۈش كۈمۈش پۇللاردىن. «ئىككى مىسقال» دېگەن خەنزۇچە خەتلەردىكى ئىككى خېتىگە كىچىك «二» يېزىلغان. چۆرىسىدە چېشىمان نەقىشتىن باشقا نەقىش يوق. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب ئاقسۇ، ئىككى مىسقال، 1310» (ئاقسۇدا ئىشلەنگەن، ئىككى مىسقال، ھىجرىيە 1310 ـ يىل ـ مىلادى 1892 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 1893 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن 9 گۈل نۇسخىسى بار. مەزكۇر پۇل يەرلىك ئۇسۇلدا سوقۇلغان، ئىگىز ـ پەس يەرلىرى چاقتا تۈزلەنگەن.

. 381. ئاقسۇنىڭ ئۈچ مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار، يۇقىرىدىكى بىلەن بىر يۈرۈش پۇل، ئېغىرلىقى 10.1 گرام، قېلىنلىقى 1.8 مىللىمېتر، دىئامېترى 26.2 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «ئۈچ مىسقال» دىكى ئۈچ خېتىگە كىچىك «三» يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب ئاقسۇ، ئۈچ مىسقال، 1310» (ئاقسۇدا قۇيۇلغان، ئۈچ مىسقال، ھىجرىيە 1310 ـ يىل) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن 9 گۈل نۇسخىسى بار.

. 382. ئاقسۇنىڭ بەش مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. يۇقىرىدىكى بىلەن بىر يۈرۈش پۇل . ئېغىرلىقى 16.9 گرام، قېلىنلىقى 2.6 مىللىمېتر، دىئامېترى 30.5 مىللىمېتر، خەنزۇچە «بەش مىسقال» دىكى بەش خېتىگە چوڭ «伍» يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب ئاقسۇ، بەش مىسقال، 1310» (ئاقسۇدا ئىشلەنگەن، بەش مىسقال، ھىجرىيە 1310 ـ يىل) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن يوپۇرماقسىمان نەقىش بار.

. 383. ئاقسۇنىڭ بەش مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئوڭ تەرىپىنىڭ ئۈستىدە بىر كىچىك چەمبەر بار. ئاقسۇ گۇاڭشۈي كۈمۈش پۇلىنىڭ ئۈچ خىل شەكلى بار، (1) ئالدى يۈزى ئوڭ تەرىپىنىڭ ئۈستىدە بىر كىچىك چەمبەر بار. (2) ئالدى يۈزى سول تەرىپىنىڭ ئۈستىدە بىر كىچىك چەمبەر شەكلى بار. (3) ئالدى تەرىپىدە كىچىك چەمبەر يوق. بۇ پۇل بىرىنچى خىلغا كىرىدۇ، ئېغىرلىقى 17.4 گرام، قېلىنلىقى 2.5 مىللىمېتر، دىئامېترى 30.8 مىللىمېتر.

. 384. ئاقسۇنىڭ بەش مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، سول تەرىپىنىڭ ئۈستىدە كىچىك چەمبەر بار. بۇ پۇل ئىككىنچى خىلغا كىرىدۇ، ئېغىرلىقى 17.25 گرام، قېلىنلىقى 2.5 مىللىمېتر، دىئامېترى 30.8 مىللىمېتر.

. 385. ئۈرۈمچىنىڭ بەش مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. بۇ پۇل مىقدار خېتى كىچىك يېزىلغىنى بىلەن بىر يۈرۈش. 1903 ـ 1907 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 17.25 گرام ، قېلىنلىقى 2.4 مىللىمېتر، دىئامېترى 31.7 مىللىمېتر، ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «بەش مىسقال» دىكى بەش خېتىگە كىچىك «五» يېزىلغان. چۆرىسىدە چېشىمان نەقىش بولغاندىن سىرت، باشقا نەقىش يوق. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب ئۈرۈمچى، بەش مىسقال، 1323» (ئۈرۈمچىدە ئىشلەنگەن، بەش مىسقال، ھىجرىيە 1323 ـ يىل ـ مىلادى 1905 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 1906 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن يوپۇرماقسىمان نەقىش بار.

. 386. ئۈرۈمچىنىڭ ئۈچ مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى. ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. يۇقىرىدىكى پۇلنىڭ مىقدار خېتى كىچىك يېزىلغىنى بىلەن بىر يۈرۈش، ئېغىرلىقى 9.2 گرام، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتر، دىئامېترى 26.2 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «ئۈچ مىسقال» دىكى ئۈچ خېتىگە كىچىك «三» يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب ئۈرۈمچى، ئۈچ مىسقال، 1323» (ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان، ئۈچ مىسقال، ھىجرىيە 1323 ـ يىل) دەپ يېزىلغان. چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن 9 گۈل نۇسخىسى بار.

. 387. ئۈرۈمچىنىڭ ئىككى مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. يۇقىرىدىكى پۇلنىڭ مىقدار خېتى كىچىك يېزىلغىنى بىلەن بىر يۈرۈش، ئېغىرلىقى 6.75 گرام، قېلىنلىقى 1.7 مىللىمېتر، دىئامېترى 23.5 مىللىمېتر، ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «ئىككى مىسقال» دىكى ئىككى خېتىگە كىچىك «二» يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب ئۈرۈمچى، ئىككى مىسقال، 1323 » (ئۈرۈمچىدە ئىشلەنگەن ، ئىككى مىسقال ، ھىجرىيە 1323 ـ يىل ) دەپ

يېزىلغان، چۆرىسىدە ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن 9 گۈل نۇسخىسى بار. مىقدار خېتى كىچىك يېزىلغان بىر يۈرۈش كۆمۈش پۇللارنىڭ ئىچىدە بىر مىسقاللىقى يوق.

• 388. ئۈرۈمچىنىڭ ئىككى مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۆمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. مىقدار خېتى چوڭ يېزىلغىنى بىلەن بىر يۈرۈش. ئېغىرلىقى 7.25 گرام، قېلىنلىقى 1.8 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 24 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «ئىككى مىسقال» دىكى ئىككى خېتىگە چوڭ «贰» يېزىلغان. باشقا جايلىرى مىقدار خېتى كىچىك يېزىلغىنى بىلەن ئوخشاش. مىقدار خېتى چوڭ يېزىلغان بىر يۈرۈش كۆمۈش پۇللارنىڭ ئىچىدە بىر مىسقاللىقى يوق.

• 389. ئۈرۈمچىنىڭ ئۈچ مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۆمۈش تەڭگىسى، ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار. مىقدار خېتى چوڭ يېزىلغىنى بىلەن بىر يۈرۈش. ئېغىرلىقى 10.6 گرام، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 27 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «ئۈچ مىسقال» دىكى ئۈچ خېتىگە چوڭ «叁» يېزىلغان. باشقا جايلىرى كىچىك يېزىلغىنى بىلەن ئوخشاش.

• 390. ئۈرۈمچىنىڭ بەش مىسقاللىق گۇاڭشۈي كۆمۈش تەڭگىسى، ئارقىسىدا ئۇيغۇرچە خەت بار. مىقدار خېتى چوڭ يېزىلغىنى بىلەن بىر يۈرۈش. مىقدار خېتى كىچىك يېزىلغىنى بىلەن بىر مەزگىلدە قۇيۇلغان، ئېغىرلىقى 16.9 گرام، قېلىنلىقى 2.5 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 31.3 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «بەش مىسقال» دىكى بەش خېتىگە چوڭ «伍» يېزىلغان. باشقا جايلىرى كىچىك يېزىلغىنى بىلەن ئوخشاش.

• 391. گۇاڭشۈي يۈەنباۋ تەڭگىسى، قەشقەر، بەش مىسقال، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە گۇاڭشۈي دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىدە ئوڭ تەرەپتىن سوزۇلغان ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بار. شۇ قاتاردىكى پۇللارنىڭ بىرى. 1905- يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 18 گرام، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 33.1 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «بەش مىسقال» دىكى بەش خېتىگە چوڭ «伍» يېزىلغان. ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي 1323»دەپ، سول تەرىپىگە «قەشقەر بەش مىسقال» دەپ يېزىلغان.

• 392. گۇاڭشۈي يۈەنباۋ تەڭگىسى، قەشقەر، بەش مىسقال، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە گۇاڭشۈي دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدە ئوڭ تەرەپتىن سوزۇلغان ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بار. خەنزۇچە «川» خېتى چەمبەر سىزىقىدىن چىقىپ كەتكەن. بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى ئالدى يۈزىنىڭ ئوڭ. سول تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە خەتنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇپ يېزىلغان. سول تەرىپىگە «گۇاڭشۈي 1323» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە «قەشقەر بەش مىسقال» دەپ يېزىلغان. ئېغىرلىقى 17.6 گرام، قېلىنلىقى 2.2 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 32.5 مىللىمېتىر.

• 393. گۇاڭشۈي يۈەنباۋ تەڭگىسى، قەشقەر، بەش مىسقال، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدە ئوڭ تەرەپتىن سوزۇلغان ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بار. «川» خېتى چەمبەر سىزىقىغا تاقاشقان.

• 394. گۇاڭشۈي يۈەنباۋ تەڭگىسى، قەشقەر، بەش مىسقال، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدە ئوڭ تەرەپتىن سوزۇلغان ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بار. «川» خېتى چەمبەر سىزىقىنىڭ ئىچىدە.

• 395. گۇاڭشۈي يۈەنباۋ تەڭگىسى، قەشقەر، بەش مىسقال، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدە سول تەرەپتىن سوزۇلغان ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بار. بۇ پۇلنىڭ ئالدى ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي 1323» دەپ، سول تەرىپىگە «قەشقەر بەش مىسقال» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتى سول تەرەپتىن سوزۇلغان، ئېغىرلىقى 14.2 گرام، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 31.8 مىللىمېتىر.

• 396. گۇاڭشۈي يۈەنباۋ تەڭگىسى، قەشقەر، بەش مىسقال، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتى سول تەرەپتىن سوزۇلغان. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى ئالدى يۈزىنىڭ ئوڭ. سول تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە خەت ئالماشتۇرۇپ يېزىلغان. ئېغىرلىقى 17.4 گرام، قېلىنلىقى 2.1 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 32.9 مىللىمېتىر، «川» خېتى چەمبەر سىزىقىغا تاقاشقان.

• 397. گۇاڭشۈي يۈەنباۋ تەڭگىسى، قەشقەر، بەش مىسقال، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتى سول تەرەپتىن سوزۇلغان. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن شەكلى ئوخشىمايدۇ. «川» خېتى چەمبەر سىزىقى ئىچىدە.

• 398. گۇاڭشۈي يۈەنباۋ تەڭگىسى، قەشقەر،ئۈچ مىسقال، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي» دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتى ئوڭ تەرەپتىن سوزۇلغان. بۇ پۇل يۇقىرىدىكى «بەش مىسقاللىقنىڭ ئۇيغۇرچە (گۇاڭشۈي) دېگەن خېتى ئوڭ تەرەپكە يېزىلغىنى. ئەجدىھار سۈرىتى ئوڭ تەرەپتىن سوزۇلغىنى» بىلەن بىر يۈرۈش. ئېغىرلىقى 10.2 گرام، قېلىنلىقى 1.9 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 27.3 مىللىمېتىر، خەنزۇچە «ئۈچ مىسقال» دىكى ئۈچ خېتىگە چوڭ «叁» يېزىلغان، ئالدى ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي 1323» دەپ، سول تەرىپىگە «قەشقەر ئۈچ مىسقال» دەپ يېزىلغان.

• 399. گۇاڭشۈي يۈەنباۋ تەڭگىسى، قەشقەر، ئۈچ مىسقال، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتى ئوڭ تەرەپتىن سوزۇلغان. ئېغىرلىقى 10.5 گرام، قېلىنلىقى 1.9 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 27.1 مىللىمېتىر، خەنزۇچە «ئۈچ مىسقال» دىكى ئۈچ خېتىگە كىچىك

«二» يېزىلغان. ئالدى يۈزىنىڭ سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي 1323» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە «قەشقەر ئۈچ مسقال» دەپ يېزىلغان.

. 400. گۇاڭشۈي يۈەنباۋ تەڭگىسى، قەشقەر، ئىككى مسقال، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتى ئوڭ تەرەپتىن سوزۇلغان، ئېغىرلىقى 7.2 گرام، قېلىنلىقى 1.7 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 24 مىللىمېتر، خەنزۇچە «ئىككى مسقال» دىكى ئىككى خېتىگە كىچىك «二» يېزىلغان. ئالدى ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «گۇاڭشۈي، 1323» دەپ، سول تەرىپىگە «قەشقەر ئىككى مسقال» دەپ يېزىلغان.

. 401. بىر مسقاللىق پۇل، ئۇيغۇرچە «بىر مسقال، قەشقەردە ئىشلەنگەن» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى ئوڭ تەرەپتىن سوزۇلغان.

. 402. داچىڭ كۈمۈش پۇلى، قەشقەر، خۇنەن ئۆلچىمىدە بىر سەر، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەنگەن» دەپ يېزىلغان. بۇ پۇل بىر يۈرۈش كۈمۈش پۇللارنىڭ بىرى. 1907- يىلى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 35.5 گرام (بەلگىلىمە بويىچە خۇنەن ئۆلچىمىدە بىر سەر 36.1 گرامغا باراۋەر)، قېلىنلىقى 3.1 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 39.5 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «داچىڭ كۈمۈش پۇلى» دەپ يېزىلغان. خەنزۇچە بىر خېتىگە چوڭ «壹» يېزىلغان، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بىر سەر 1325» دەپ، سول تەرىپىگە «زەرب كاشغەر» (قەشقەردە ئىشلەنگەن) دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بار، چۆرىسىنىڭ سول تەرىپىدە يوپۇرماقسىمان نەقىش، ئوڭ تەرىپىدە يوپۇرماقلىق گۈل نەقىشلىرى بار، ئىككىسىنىڭ سايىقى تۆۋەن قىسمىدا تۇتۇشۇپ لىنتا بىلەن باغلانغان.

. 403. داچىڭ كۈمۈش پۇلى، قەشقەر، خۇنەن ئۆلچىمىدە بەش مسقال، ئالدى يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە «قەشقەردە ئىشلەنگەن» دەپ يېزىلغان. ئارقا يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كۆز چېچەكى نەقىشلەنگەن، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر يۈرۈش. ئېغىرلىقى 17.9 گرام (بەلگىلىمە بويىچە خۇنەن ئۆلچىمىدە 5 مسقال 18 گرامغا تەڭ)، قېلىنلىقى 2.4 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 32 مىللىمېتر. خەنزۇچە بەش خېتىگە چوڭ «伍» يېزىلغان. لېكىن ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر1325» (قەشقەردە قۇيۇلغان، ھىجرىيە 1325- يىل) دېگەن خەتلەر ئوڭ تەرىپىگە، «بەش مسقال» دېگەن سۆز سول تەرىپىگە يېزىلغان. بىر سەرلىك پۇل دېگەن ئۇيغۇرچە خەتنىڭ ئورنى ئالماشقان. ئارقا تەرىپىدىكى نەقىش نۇسخىلىرى بىر سەرلىك پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش. ئوڭ تەرىپىگە كۆز چېچەكى چۈشۈرۈلگەن.

. 404. داچىڭ كۈمۈش پۇلى، قەشقەر، خۇنەن ئۆلچىمىدە بەش مسقال، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەنگەن» دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىگە كۆز چېچەكى چۈشۈرۈلگەن.

. 405. داچىڭ كۈمۈش پۇلى، قەشقەردە ئىشلەنگەن، خۇنەن ئۆلچىمىدە بەش مسقال. ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەنگەن» دەپ يېزىلغان. ئېغىرلىقى 17.4 گرام ، قېلىنلىقى 2.5 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 32.7 مىللىمېتر. سىرتقى چەمبەرنىڭ يۇقىرىسىغا خەنزۇچە «قەشقەردە ئىشلەنگەن» دەپ، چەمبەرنىڭ ئاستىغا «خۇنەن ئۆلچىمىدە بەش مسقال» دەپ يېزىلغان. خەنزۇچە بەش خېتىگە كىچىك «伍» يېزىلغان. ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر، 1325- يىل» (قەشقەردە قۇيۇلغان، ھىجرىيە 1325- يىل) دەپ، سول تەرىپىگە «بەش مسقال» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى خەت ۋە نەقىشلەر مىقدار خېتى چوڭ يېزىلغىنى بىلەن ئوخشاش.

. 406. داچىڭ كۈمۈش پۇلى، قەشقەردە ئىشلەنگەن، خۇنەن ئۆلچىمىدە بەش مسقال، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەنگەن» دەپ يېزىلغان. ئېغىرلىقى 17.1 گرام ، قېلىنلىقى 2.3 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 32.3 مىللىمېتر.

. 407. شەخسلەر قۇيغان داچىڭ كۈمۈش پۇلى ، قەشقەردە قۇيۇلغان . ئېغىرلىقى 16.31 گرام ، قېلىنلىقى 2.3 مىللىمېتر . دىئامېتىرى 32.2 مىللىمېتر . ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «湘平五钱»(خۇنەن ئۆلچىمىدە بەش مسقال» دېگەن خەتنىكى «平» خېتى كەم يېزىلىپ، «湘五钱» «خۇنەن بەش مسقال» بولۇپ قالغان. «五»(بەش) خېتىنىڭ بىر سىزىقى كەم يېزىلغان. ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بەش مسقال» دەپ، سول تەرىپىگە «زەرب كاشغەر 1325» (قەشقەردە قۇيۇلغان، ھىجرىيە 1325- يىل) دەپ يېزىلغان. ئۇيغۇرچە خەتنىڭ ئورنى ئالماشقان. ئارقا تەرىپىدىكى خەت ۋە نەقىشلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، لېكىن ئەجدىھار سۈرىتى قوپال ئىشلەنگەن. ئىلاۋە: مەزكۇر پۇلدىكى خەنزۇچە خەتلەر ناچار يېزىلغان، چۈشۈپ قالغان، بۇنى خەنزۇچە يېزىقنى بىلمەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت خەتتاتى تەقلىد قىلىپ يازغاندەك تۇرىدۇ. كۈمۈشىنىڭ رەڭگىمۇ خۇنۇك بولۇپ، بازاردا خەجلەنگەن شەخسلەر قۇيغان پۇللارغا كىرىدۇ.

. 408. داچىڭ كۈمۈش پۇلى، قەشقەردە ئىشلەنگەن، خۇنەن ئۆلچىمىدە ئىككى مسقال. ئېغىرلىقى 6.5 گرام، قېلىنلىقى 1.4 مىللىمېتر، دىئامېتىرى 24.8 مىللىمېتر. خەنزۇچە ئىككى خېتىگە كىچىك «二» يېزىلغان. ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئىككى مسقال 1325» دەپ، سول تەرىپىگە «زەرب كاشغەر» (قەشقەردە ئىشلەنگەن) دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى خەت ۋە نەقىشلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 409. گۇاڭشۈينىڭ دىڭۋېي يىلى پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، ئۈرۈمچى ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1907- يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 33- يىلى، يەنى دىڭۋېي يىلى) قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 4.55 گرام. ئالدى تەرەپ تۆشۈكىنىڭ ئۈستى - ئاستىغا خەنزۇچە «گۇاڭشۈي» دېگەن خەتلەر، ئوڭ- سول تەرەپلىرىگە «دىڭۋېي» (قوي يىلى) دېگەن خەتلەر يېزىلغان.

ئارقا تەرەپ تۆشۈكىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ»، ئوڭ تەرىپىگە «كۇچا»، ئۈستىگە خەنزۇچە «迪» (ئۈرۈمچى)، ئاستىغا خەنزۇچە «十» (ئون) دەپ يېزىلغان. بۇ پۇلنى كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسى ئۈرۈمچى پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن قۇيغان.

. 410. گۇاڭشۈينىڭ ۋۇشېن يىلى پۇلى، كۇچاردا قۇيۇلغان، ئۈرۈمچى ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى. 1908- يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 34- يىلى، يەنى ۋۇشېن يىلى) قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 3.7 گرام. ئالدى تەرەپ تۆشۈكىنىڭ ئوڭ - سول يېنىغا خەنزۇچە «ۋۇشېن» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 411. بىر مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات ئالتۇن پۇلى، بۇ پۇل ئىككى مىسقاللىقى بىلەن بىر يۈرۈش. 1907- يىلى ئۈرۈمچى كۈمۈش پۇل ئىدارىسى ماشىنىدا قۇيغان. ئېغىرلىقى خۇنەن ئۆلچىمىدە بىر مىسقال (3.6 گرام)، دىئامېترى 19 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «ھەربىي تەمىنات بىر مىسقال» دەپ يېزىلغان، خەنزۇچە «بىر» خېتىگە كىچىك «一» يېزىلغان. سىرتقى چەمبەرگە خەت يېزىلمىغان. ئارقا تەرىپىدە ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىگە ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان. ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە «يىنىسى» (تەمىنات)، ئاستىغا «ئالتۇن»، ئوڭ تەرىپىگە «بىر»، سول تەرىپىگە «مىسقال» دەپ يېزىلغان.

. 412. ئىككى مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات ئالتۇن پۇلى، يۇقىرىدىكى بىلەن بىر يۈرۈش. ئېغىرلىقى خۇنەن ئۆلچىمىدە ئىككى مىسقال (7.2 گرام)، دىئامېترى 24 مىللىمېتر. ئالدى-ئارقا تەرەپلىرىدىكى خەت، نەقىشلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، پەقەت يۇقىرقى پۇلدىكى «一» 1 نىڭ ئورنىغا «二» (ئىككى) خېتى ئالماشقان ۋە كىچىك يېزىلغان.

. 413. بىر سەرلىك ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، بۇ پۇل بىر يۈرۈش كۈمۈش پۇللارنىڭ بىرى، 1908— 1911 - يىللىرى ئۈرۈمچى كۈمۈش پۇل ئىدارىسى ماشىنىدا قۇيغان . ئېغىرلىقى 34.5 گرام (خۇنەن ئۆلچىمىدە بىر سەر، 36.13 گرام)، قېلىنلىقى 2.8 مىللىمېتر، دىئامېترى 40 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «ھەربىي تەمىنات بىر سەر»دەپ يېزىلغان. خەنزۇچە «بىر» خېتىگە كىچىك «一» يېزىلغان. سىرتقى چەمبەرنىڭ تۆت تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «يىنىسى كۈمۈش بىر سەر» (بىر مىسقاللىق تەمىنات كۈمۈش پۇلى) دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرىسىغا سەككىز ياپراقلىق گۈل نەقىشلەنگەن. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە بىردىن ئالتە ياپراقلىق گۈل نەقىشلەنگەن.

. 414. بەش مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، يۇقىرىدىكى بىلەن بىر يۈرۈش. 1907— 1911- يىللىرى ئۈرۈمچى كۈمۈش پۇل ئىدارىسى قۇيغان. ئېغىرلىقى 17 گرام، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتر، دىئامېترى 33.7 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «بەش مىسقال» دىكى «بەش» خېتىگە كىچىك «伍» يېزىلغان. سىرتقى چەمبەرنىڭ تۆت تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «يىنىسى كۈمۈش بەش مىسقال» (بەش مىسقاللىق تەمىنات كۈمۈش پۇلى) دەپ يېزىلغان. پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەقىش يوق. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ سىرتىدا چەمبەر يوق. ئوڭ- سول تەرىپىدە گۈل يوق. بۇ پۇل ۋە تۆۋەندىكى كۈمۈش پۇللار يۇقىرىدىكى بىر سەرلىك پۇلدىن بىر يىل ئىلگىرى قۇيۇلغان. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» نىڭ «ئىقتىسادىي ئەھۋال 4- »، «پۇل تۈزۈمى»، «كۈمۈش پۇللار 1-»، «ئۈرۈمچى پۇل قۇيۇش ئىدارىسى» دېگەن قىسىملىرىدا بۇ توغرىدا خاتىرىلەر بار.

. 415. تۆت مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر يۈرۈش. ئېغىرلىقى 14.1 گرام، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتر، دىئامېترى 32.8 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «تۆت مىسقال» دىكى «تۆت» خېتىگە كىچىك «四» يېزىلغان. سىرتقى چەمبەرنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «تۆت مىسقال» دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرىسىدا نەقىش يوق. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ سىرتىدا چەمبەر يوق، ئوڭ- سول تەرىپىدىمۇ نەقىش يوق. شىنجاڭ كۈمۈش پۇللىرى ئىچىدە «تۆت» دېگەن سان قىممەت قىلىنغان پۇل ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. قۇيۇلغان سانىمۇ ناھايىتى ئاز.

. 416. ئىككى مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر يۈرۈش. ئېغىرلىقى 7.2 گرام، قېلىنلىقى 1.9 مىللىمېتر. دىئامېترى 28 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «ھەربىي تەمىنات ئىككى مىسقال» دەپ يېزىلغان، خەنزۇچە «ئىككى» خېتىگە كىچىك «二» يېزىلغان. سىرتقى چەمبەرنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئىككى مىسقال» دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرىسىدا نەقىش يوق، ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ سىرتىدا چەمبەر يوق. ئوڭ- سول تەرىپىدىمۇ گۈل- نەقىشلەر يوق.

. 417. بىر مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر يۈرۈش. ئېغىرلىقى 3.2 گرام، قېلىنلىقى 1.4 مىللىمېتر، دىئامېترى 18.7 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «ھەربىي تەمىنات بىر مىسقال» دەپ يېزىلغان، خەنزۇچە «بىر» خېتىگە كىچىك «一» يېزىلغان. سىرتقى چەمبەرنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بىر مىسقال» دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرىسىدا نەقىش يوق، ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ سىرتىدا چەمبەر يوق ، ئوڭ- سول تەرىپىدىمۇ گۈل- نەقىشلەر يوق.

. 418. بەش مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىدە تۆت شەپىرەڭنىڭ سۈرىتى بار. ئېغىرلىقى 17.96 گرام، قېلىنلىقى 2.5 مىللىمېتر، دىئامېترى 33.7 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىدىكى سىرتقى چەمبەرنىڭ تۆت تەرىپىدە

ئۈيغۇرچە خەت بار. ئوتتۇرىسىدا نەقىش يوق. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ سىرتىدا چەمبەر يوق، ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ تۆت تەرىپىگە تۆت شەپىرەڭ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بەختنىڭ ئالامىتى قىلىنغان. شەپىرەڭلەر ئارىسىدا تۆتاشقان گۈل- نەقىشلەر بار.

. 419. بەش مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىدە تۆت شەپىرەڭنىڭ سۈرىتى بار. ئېغىرلىقى 17.3 گرام، قېلىنلىقى 2.1 ممللىمېتىر. دىئامېتىرى 33.6 ممللىمېتىر. بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى، ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ ئۈستىگە بىر شەپىرەڭ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ «تەگرى ئاتا قىلغان بەخت» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. يۇقىرىدىكى ئىككى پۇل سىناق تەرىقىسىدە قۇيۇلغان. شۇڭا سانى ناھايىتى ئاز.

. 420. بىر سەرلىك ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئالدى-ئارقا تەرىپىدە ئۈيغۇرچە خەت يوق. ئېغىرلىقى 35.4 گرام، قېلىنلىقى 3 ممللىمېتىر، دىئامېتىرى 39.7 ممللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەقىش يوق. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ سىرتىدا چەمبەر يوق، ئوڭ- سول تەرىپىگە بىردىن ئالتە ياپراقلىق كىچىك گۈل نەقىشلەنگەن.

. 421. بىر مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئالدى-ئارقا تەرىپىدە ئۈيغۇرچە خەت يوق. ئېغىرلىقى 3.5 گرام، قېلىنلىقى 1.3 ممللىمېتىر، دىئامېتىرى 18 ممللىمېتىر. بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى بىر سەرلىك پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىدە گۈل-نەقىشلەر يوق.

. 422. بىر سەرلىك ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىدە ئۈيغۇرچە خەت ۋە ئىچكى چەمبىرى بار.

. 423. بەش مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىدە ئۈيغۇرچە خەت بار، ئىچكى چەمبىرى يوق. ئېغىرلىقى 17.7 گرام، قېلىنلىقى 2.1 ممللىمېتىر، دىئامېتىرى 33.6 ممللىمېتىر. ئوتتۇرىسىدا گۈل- نەقىش يوق. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ سىرتىدا چەمبەر يوق. لېكىن ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ تۆت تەرىپىگە ئۈيغۇرچە «يىنسى بەش مىسقال كۆمۈش» (بەش مىسقاللىق تەمىنات كۆمۈش پۇل) دەپ يېزىلغان. بۇ خىل پۇلنىڭ شەكلى تەمىنات ئالتۇن پۇلنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشاش.

. 424. ئىككى مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىدە ئۈيغۇرچە خەت بار، ئىچكى چەمبىرى يوق. شەكلى يۇقىرىدىكى پۇلنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشاش.

. 425. بىر مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىدە ئۈيغۇرچە خەت بار، ئىچكى چەمبىرى يوق. يۇقىرىدىكى پۇلنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشاش.

. 426. بەش مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئالدى تەرىپىدە ئۈيغۇرچە خەت بار، ئارقا تەرىپىدە ئىچكى چەمبىرى بار. ئېغىرلىقى 17.6 گرام، قېلىنلىقى 2.3 ممللىمېتىر، دىئامېتىرى 33.7 ممللىمېتىر. مەركىزىدە گۈل- نەقىش يوق. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ سىرتقى چەمبىرى بار بولۇپ ، ئۈنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىدە گۈل- نەقىشلەر يوق.

. 427. بەش مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئالدى تەرىپىدە ئۈيغۇرچە خەت بار، پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چېكىت بار، ئارقا تەرىپىدە ئىچكى چەمبىرى بار. ئېغىرلىقى 17.38 گرام، قېلىنلىقى 2 ممللىمېتىر، دىئامېتىرى 33.7 ممللىمېتىر. يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى، پۇل ئوتتۇرىسىدا بىر يۇمىلاق چېكىت بار، گۈلى يوق، ئارقا تەرىپىدىكى چەمبەرنىڭ سىرتقى ئوڭ- سول تەرىپىدە گۈل- نەقىشلەر يوق.

. 428. بەش مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئالدى تەرىپىدە ئۈيغۇرچە خەت بار، ئوتتۇرىسىدا گۈل- نەقىش بار، ئارقا تەرىپىدە ئىچكى چەمبىرى بار. ئېغىرلىقى 17.7 گرام، قېلىنلىقى 2.1 ممللىمېتىر، دىئامېتىرى 33.6 ممللىمېتىر. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ سىرتقى چەمبىرى بار، چەمبەرنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىدە بىردىن ئالتە ياپراقلىق كىچىك گۈل بار.

. 429. بەش مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئالدى تەرىپىدىكى «食 餉» (شياڭ) خېتىنىڭ يېنىدا بىر چېكىت كەم. ئېغىرلىقى 17.83 گرام، قېلىنلىقى 2.1 ممللىمېتىر، دىئامېتىرى 33.5 ممللىمېتىر. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ سىرتىدا چەمبەر بولۇپ، چەمبەرنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىدە بىردىن ئالتە ياپراقلىق كىچىك گۈل بار.

. 430. ئىككى مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئالدى تەرىپىدە ئۈيغۇرچە خەت، ئارقا تەرىپىدە ئىچكى چەمبىرى بار. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۈل- نەقىش يوق، ئارقا تەرىپىدىكى سىرتقى چەمبەرنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىدە گۈل- نەقىش يوق.

. 431. ئىككى مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۆمۈش پۇلى، ئالدى تەرىپىدىكى ئۈيغۇرچە خەت سىرتقى چەمبەرنىڭ تۆۋەن قىسمىغا يېزىلغان. ئېغىرلىقى 7.12 گرام، قېلىنلىقى 2 ممللىمېتىر، دىئامېتىرى 24 ممللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە ئۈيغۇرچە «يىنسى كۆمۈش ئىككى مىسقال» (ئىككى مىسقاللىق تەمىنات كۆمۈش پۇل) دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ سىرتىدا چەمبەر يوق، گۈل- نەقىشلەرمۇ يوق.

. 432. گۇاڭشۈي تۇڭباۋ پۇلى، باۋيۈەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ ئۆرۈمچى ئون يارماقلىق (ماشىنىدا قۇيۇلغان) كىچىك مىس پۇلى، 1907 — 1908- يىللىرى ئۈرۈمچى شىمىگو ماشىنا سايمانلىرى ئىدارىسىدا ماشىنىدا قۇيۇلغان قىزىل مىس پۇل، ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «گۇاڭشۈي تۇڭباۋ» دېگەن خەت يېزىلغان. ئارقا يۈزىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە مانجۇچە «باۋ»، «يۈەن» دەپ يېزىلغان، ئۈنىڭ ئۈستى- ئاستى تەرىپىگە خەنزۇچە «ئۈرۈمچى ئون» دەپ يېزىلغان. شۇ چاغدا،

ئېرىتىپ قۇيۇش ئۇسۇلى بىلەن داچەن پۇل قۇيۇۋاتقان ئۈرۈمچى باۋشىن پۇل قۇيۇش ئىدارىسى تاقالغانلىقتىن، ئۈرۈمچى شىنگو كۆمۈش پۇل ئىدارىسى ۋاكالىتەن داچەن پۇل قۇيغان. ئۇلار داچەن پۇل قۇيۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۈرۈمچى باۋشىن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ نامىنى قوللىنىشنى خالىماي، بېيجىڭ باۋيۈەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ نامىنى قوللىنىپ (ئىلگىرى كۇچا پۇل قۇيۇش ئىدارىسى گۇاڭشۈينىڭ 4- يىلى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل ئىچكىرىدىكى باۋيۈەن، باۋچۇەن قاتارلىق پۇل قۇيۇش ئىدارىلىرىنىڭ نامىدا داچەن پۇل قۇيغان)، «ئۈرۈمچى» دېگەن خەتنى قوشۇپ، پەقەت شىنجاڭدىلا تارقىتىلىدىغان ۋە ئوبوروت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ ئاستىدىكى «ئۇن» خېتى ھۆكۈمەت قۇيغان پۇلنىڭ بەلگىسى قىلىنغان.

• 433. گۇاڭشۈي يۈەنباۋ پۇلى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ كۆمۈش ئۆلچىمىدىكى 1.5 پۇڭلۇق مىس پۇلى، 1907— 1908- يىللىرى ئۈرۈمچى شىنگو كۆمۈش پۇل ئىدارىسى ماشىنىدا قۇيغان مىس پۇل. ئېغىرلىقى 9— 10.1 گرام، دىئامېتىرى 28 مىللىمېتىر. بۇ— سىناق تەرىقىسىدە قۇيۇلغان پۇل. ئالدى. ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت يوق. ئالدى تەرىپىدىكى ئىچكى چەمبەردە خەنزۇچە «گۇاڭشۈي يۈەنباۋ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. ئوتتۇرىسىدا كىچىك گۈل بار. سىرتقى چەمبەرنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۆلكىسى» دېگەن ئىككى خەت يېزىلغان، ئوڭ- سول تەرىپىگە ئىككى كىچىك گۈل نەقىشلەنگەن، ئاستى تەرىپىگە خەنزۇچە «كۆمۈش ئۆلچىمىدە بىر پۇڭ بەش لى» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە سوزۇلغان، ئاستى دېڭىزغا ئوخشىتىلغان.

• 434. شۈەنتۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئۈچتۇرپاندا قۇيۇلغان، كۇچا ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى، 1909- يىلى قۇيۇلغان . ئېغىرلىقى 2.7 گرام ، دىئامېتىرى 25 مىللىمېتىر. ئارقا يۈزىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «ئۇشى»، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە « ئۇش» دەپ يېزىلغان . ئۈستى - ئاستى تەرىپىگە خەنزۇچە «كۇچار ئون» دەپ يېزىلغان - بۇ پۇلنى ئۈچتۇرپان پۇل قۇيۇش ئىدارىسى كۇچار پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە قۇيغان. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «统» (تۇڭ) خېتى بىر قەدەر تۈز يېزىلغان.

• 435. شۈەنتۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئۈچتۇرپاندا قۇيۇلغان. كۇچار ئون يارماقلىق كىچىك مىس پۇلى . ئېغىرلىقى 2.9 گرام، دىئامېتىرى 25 مىللىمېتىر. بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى خەنزۇچە «统» (تۇڭ) خېتى ئوڭ تەرەپكە قىيسايغان.

• 436. شۈەنتۇڭ يۈەنباۋ پۇلى، شىنجاڭدا خەجلەنگەن، ئون داچەنلىك مىس پۇل. يىلى خاتىرلەنمىگەن. 1908- يىل 12- ئايدىن 1909- يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى شىنگو كۆمۈش پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇيغان. ئېغىرلىقى 17.25— 17.7 گرام، دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ ئاستىدا ئۇيغۇرچە «ئون داچەنلىك» دەپ يېزىلغان. بۇ پۇل شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم قۇيۇلغان رەسمىي مىس پۇل.

• 437. شۈەنتۇڭ يۈەنباۋ پۇلى، شىنجاڭدا خەجلەنگەن. ئون داچەنلىك مىس پۇل، گېڭشۇ يىلى— 1910- يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 2- يىلى) قۇيۇلغان. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر جايدا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 16.6— 18.5 گرام دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر. يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە «گېڭشۇ يىلى قۇيۇلغان» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ، ئوڭ- سول تەرىپىدە بىردىن ئالتە ياپراقلىق گۈل بار. ئاستىدىكى ئۇيغۇرچە خەتنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىدە بىردىن بەش ياپراقلىق گۈل بار.

• 438. شۈەنتۇڭ يۈەنباۋ پۇلى، شىنجاڭدا خەجلەنگەن، ئون داچەنلىك مىس پۇل. شىنخەي يىلى— 1911- يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 3- يىلى) قۇيۇلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك گۈل بار. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر جايدا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 16.4— 17.8 گرام، دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە «شىنخەي يىلى قۇيۇلغان» دېگەن خەتلەر يېزىلغان، باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 439. شۈەنتۇڭ يۈەنباۋ پۇلى، شىنجاڭدا خەجلەنگەن، ئون داچەنلىك مىس پۇل. شىنخەي يىلى قۇيۇلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەش ياپراقلىق گۈلنىڭ سىرتىدا ئىككى چەمبەر بار. ئېغىرلىقى 17.1— 17.4 گرام، دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر. بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەش ياپراقلىق گۈل بار، ئۇنىڭ سىرتىغا ئىككى چەمبەر چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىدىكى ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە «شىنخەي يىلى قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان، ئاستىدىكى ئۇيغۇرچە خەتنىڭ ئىككى تەرىپىدە كىچىك گۈللەر يوق. بۇ گۈللەر ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈرۈلگەن، باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 440. ئۈچ مىسقاللىق كۆمۈش تەڭگە. ئارقا تەرىپىدە ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بار، ئۇيغۇرچە «قەشقەردە قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان. 1911- يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 3- يىلى، ھىجرىيە 1329- يىلى) قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 11 گرام، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 27.5 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «ئۈچ مىسقاللىق كۆمۈش پۇل» دەپ يېزىلغان . بۇنىڭدىكى ئۈچ خېتىگە چوڭ «叁» يېزىلغان . كاشغەر ئۈچ مىسقال، 1329» (قەشقەردە قۇيۇلغان، ئۈچ مىسقال، ھىجرىيە 1329- يىلى) دەپ يېزىلغان.

• 441. ئىككى مىسقاللىق كۆمۈش تەڭگە، ئارقا تەرىپىدە ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بار، ئالدى تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت

بار، 1911- يىلى قەشقەردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 7.05 گرام، قېلىنلىقى 1.7 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 24.8 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «ئىككى مىسقاللىق كۈمۈش پۇل» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىكى ئىككى خېتىگە كىچىك «二» يېزىلغان. ئوتتۇرىسىغا ۋە سىرتقى چەمبەرنىڭ ئۈستىگە، ئوڭ- سول تەرەپلىرىگە جەمى تۆت كىچىك بەش يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن، سىرتقى چەمبەرنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر ئىككى مىسقال، 1329» (قەشقەردە قۇيۇلغان، ئىككى مىسقال، ھىجرىيە 1329- يىل) دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە ئۈچ قەۋەت چەمبەر ئېلىنغان. ئىچكى چەمبەردىكى ئەجدىھار سۈرىتى «بەش مىسقاللىق شۆەنتۇڭ كۈمۈش پۇلى» دىكى بىلەن ئوخشاش.

. 442. ئىككى مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگە. ئالدى تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت يوق. ئارقا تەرىپىدە ئەجدىھار سۈرىتى، ئۇيغۇرچە خەت بار. 1911 — 1912- يىللىرى قەشقەردە قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 7.02 گرام، قېلىنلىقى 1.7 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 24.7 مىللىمېتىر. بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى سىرتقى چەمبەرنىڭ تۆت تەرىپىگە تۆت كىچىك يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن. ئۇيغۇرچە خەت يېزىلمىغان. ئارقا تەرىپىدىكى ئىچكى چەمبەرگە ئەجدىھار سۈرىتى، سىرتقى چەمبەرنىڭ ئۈستىگە ۋە ئوڭ - سول تەرىپىگە بىردىن كىچىك يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن، ئاستىغا ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر، ئىككى مىسقال،» (قەشقەردە قۇيۇلغان، ئىككى مىسقال) دەپ يېزىلغان. سىرتقى چەمبەرنىڭ ئۈستىگە ۋە ئوڭ - سول تەرىپىگە بىردىن يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن، ئاستىغا «زەرب كاشغەر، ئىككى مىسقال (قەشقەردە قۇيۇلغان) » دەپ يېزىلغان. بۇ چەمبەرنىڭ ئۈستىدىكى يۇلتۇز بىلەن سول تەرەپتىكى يۇلتۇزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەرەبچە رەقەم بىلەن «1330» دەپ يېزىلغان. (ئىلاۋە : ھىجرىيىنىڭ 1330- يىلى مىلادى 1911- يىل 12- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 1912- يىل 12- ئاينىڭ 10- كۈنىگە توغرا كېلىدۇ).

. 443. قەشقەرنىڭ ئەجدىھار سۈرەتلىك بەش مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، ئالدى- ئارقا تەرەپلىرىگە بەش يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن، 1911 — 1913- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 17.6 گرام، قېلىنلىقى 2.2 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 32.9 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە سىرتقى چەمبەرنىڭ تۆت تەرىپىدە بىردىن كىچىك يۇلتۇز بار. ئارقىسىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىدە بىردىن كىچىك يۇلتۇز بار، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر، بەش مىسقال، 1329» دەپ يېزىلغان (ھىجرىيە 1329- يىل مىلادى 1911- يىلغا توغرا كېلىدۇ). مەزكۇر پۇل ئۆرۈمچى كۈمۈش پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ 1907- يىلى قۇيغان كۈمۈش پۇلى ئۆرنەك قىلىنىپ قۇيۇلغان. لېكىن بىرلا بەش مىسقاللىق تۈرى قۇيۇلغان. قۇيۇلغان ۋاقتى شۆەنتۇڭنىڭ 3- يىلىدىن مىنگونىڭ 2- يىلىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. قەشقەر رايونى مىنگونىڭ 2- يىلىغىچە داۋاملىق ئىلگىرىكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت گىربى بولغان ئەجدىھار سۈرەتلىك ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلىنى قۇيغان. بۇنىڭدىن ئۇ چاغدا چەت چېگرا جايلارنىڭ جاھاندىن خەۋەرسىز قالغانلىقىنى، قالايمىقانچىلىق دەستىدىن بۇ ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

. 444. قەشقەرنىڭ ئەجدىھار سۈرەتلىك بەش مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ئارقا تەرىپىدە چوڭ گۈلنىڭ سۈرىتى بار، ئېغىرلىقى 17.8 گرام، قېلىنلىقى 2.3 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر. يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۇلنىڭ ئالدى يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك يۇلتۇز چوڭ گۈلگە ئالماشقان، ئارقا يۈزىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدىكى كىچىك يۇلتۇزلارمۇ چوڭ گۈلگە ئالماشقان. باشقا جايلىرى ئوخشاش.

. 445. قەشقەرنىڭ ئەجدىھار سۈرەتلىك بەش مىسقاللىق ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، ئالدى- ئارقا تەرىپىدە يۇلتۇز بار، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چېكىت بار.

. 446. شۆەنتۇڭنىڭ بەش مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى، 1909 — 1910- يىللىرى قەشقەردە قۇيۇلغان . ئېغىرلىقى 17.7 گرام، قېلىنلىقى 2.3 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 32.7 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «بەش مىسقال» دىكى بەش خېتىگە كىچىك «五» يېزىلغان. ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر، بەش مىسقال، 1327» (قەشقەردە قۇيۇلغان، بەش مىسقال، ھىجرىيە 1327- يىل) »دەپ يېزىلغان. ئۇيغۇرچە خەتنىڭ ئۈستىگە ئەرەبچە تاۋۇش بەلگىلىرى قويۇلغان ( بۇنداق تاۋۇش بەلگىلىرى بەزىدە ئىشلىتىلمەيدۇ). ئارقا تەرىپىدە ئۈچ قەۋەت چەمبەر بولۇپ، ئىچكى چەمبەرگە ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئوتتۇرا چەمبەر ئاق قالدۇرۇلغان، سىرتقى چەمبەرگە گۈل نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىل پۇلنىڭ بەش مىسقاللىقتىن باشقا تۈرى يوق.

. 447. شۆەنتۇڭنىڭ بەش مىسقاللىق يۈەنباۋ پۇلى ، قەشقەردە قۇيۇلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چېكىت بار. 1910 — 1911- يىللىرى قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 17.8 گرام ، قېلىنلىقى 2.2 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر. يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئىچكى چەمبەرگە يېزىلغان خەنزۇچە خەت ئۆزگەرتىلىپ «شۆەنتۇڭ يۈەنباۋ» دەپ يېزىلغان . ئوتتۇرىسىدا بىر چېكىت بار. سىرتقى چەمبەرنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە خەنزۇچە «بەش مىسقال» دەپ يېزىلغان، بۇنىڭدىكى بەش خېتىگە چوڭ «伍» يېزىلغان. باشقا جايلىرى ئوخشاش.

. 448. شۆەنتۇڭنىڭ بەش مىسقاللىق يۈەنباۋپۇلى ، قەشقەردە قۇيۇلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ گۈل نەقىشلەنگەن. ئېغىرلىقى 18.34 گرام، قېلىنلىقى 2.2 مىللىمېتىر، دىئامېتىرى 32.6 مىللىمېتىر. بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ

ئوتتۇرىسى ئۆزگەرتىلىپ، گۈل نەقىشلەنگەن. باشقا جايلىرى ئوخشاش.

• 449. شۇەنتۇڭنىڭ بەش مىسقاللىق يۇەنباۋ پۇلى، قەشقەر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك يۇلتۇز بار. ئېغىرلىقى 15.6 گرام، قېلىنلىقى 2.1 مىللىمېتر، دىئامېترى 32.8 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىدىكى سىرتقى چەمبەرنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە «قەشقەر» دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك يۇلتۇز بار. باشقا جايلىرى ئوخشاش.

• 450. شۇەنتۇڭنىڭ بەش مىسقاللىق يۇەنباۋ پۇلى، قەشقەر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك چېكىت بار، خەنزۇچە بەش خېتىگە كىچىك «|L» يېزىلغان.

• 451. شۇەنتۇڭنىڭ بەش مىسقاللىق يۇەنباۋ پۇلى، قەشقەر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك يۇلتۇز بار . ئېغىرلىقى 17.5 گرام، قېلىنلىقى 2.1 مىللىمېتر، دىئامېترى 33 مىللىمېتر، بۇ پۇلدىكى خەنزۇچە بەش خېتىگە كىچىك «|L» يېزىلغان.

• 452. شۇەنتۇڭنىڭ بەش مىسقاللىق يۇەنباۋ پۇلى، قەشقەر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چوڭ گۈل نەقىشلەنگەن. ئېغىرلىقى 15.9 گرام، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتر، دىئامېترى 32.9 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈل چۈشۈرۈلگەن، باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 453. شۇەنتۇڭنىڭ بەش مىسقاللىق يۇەنباۋ پۇلى، قەشقەر، خەنزۇچە «|L» خېتىنىڭ ئۈستىدە بىر چېكىت بار.

• 454. چوڭ تىپتىكى ئەجدىھار سۈرەتلىك پۇل. 1908- يىلى (ۋۇشېن يىلى، يەنى گۇاڭشۈينىڭ 34- يىلى) ئۈرۈمچى پۇل باسقۇرۇش باش ئىدارىسى تارقاتقان. شاگخەيدە بېسىلغان. ئۇزۇن تۆت بۇلۇڭلۇق ھۆكۈمەت پۇلى، ئۆلچىمى 130×260 مىللىمېتر. قېلىن داۋلىق قەغەزدە رەڭلىك ئىشلەنگەن. ئالدى سول تەرىپىگە تارقىتىلغان يىلى— گۇاڭشۈي ۋۇشېن يىلى، ئاي، كۈنى يېزىلغان، ئارقا تەرىپىدىكى ئۇزۇن تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى گىرۋەك رامكىنىڭ ئىچى ئۈچ كاتەكچىگە بۆلۈنگەن . يۇقىرىسىدىكى كاتەكچە ئاق قالدۇرۇلغان، بۇ تەخمىنەن پۇلنىڭ 1/5 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، تامغا ئورنى قالدۇرۇلغان، ئوتتۇرىدىكى كاتەكچە تەخمىنەن 2/5 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭغا خەنزۇچە مۇنداق ئۇقتۇرۇش يېزىلغان: «گەنسۇ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك باش مۇپەتتىش مەھكىمىسىدىن لىيەن (شۇ چاغدىكى باش مۇپەتتىش لىيەن كۇي) ، گەنسۇ ، شىنجاڭ پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ پەرمانبەردارى ۋاڭ (شۇ چاغدىكى پەرمانبەردار ۋاڭ شۇنەن) ، شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرىدۇكى ، ئۈلكىلىك پۇل باسقۇرۇش باش ئىدارىسى چىقارغان مەزكۇر پۇلنى ئۆلكە ئىچىدە ئاشلىق بېجى قاتارلىق بارلىق ھۆكۈمەت پۇللىرى ئۈچۈن تاپشۇرۇشقا بولىدۇ. ئەگەر قايسىكى ئەمەلدار يوقىلاڭ سەۋەپ كۆرسىتىپ ئالغىلى ئۇنىمىسا، يامۇلغا كېلىپ ئەرز قىلسا بولىدۇ. ئۇلار چوقۇم قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. مەزكۇر بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشقا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، ئەسكەرلەر، خادىملار، سودىگەرلەر ۋە پۇقرالار بىردەك ئەمەل قىلىشى لازىم. گۇاڭشۈينىڭ 33- يىلى، ئاي، كۈنى». تۆۋەنكى كاتەكچە 2/5 قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭغا يۇقىرىدىكى ئۇقتۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرچىسى يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ يېرىمىغا «گەنسۇ- شىنجاڭ پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى» دېگەن قىزىل رەڭلىك ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان. ئوڭ- سول تەرىپىنىڭ چۆرىسىگە قوشۇمچە قىزىل رەڭدە چاك باستۇرۇپ تامغا بېسىلغان. 400 داچەن بىر سەر كۈمۈشكە باراۋەر بولۇپ، بۇ پۇل بىر سەرلىك كۈمۈش پۇل بولغان.

• 455. كىچىك تىپتىكى ئەجدىھار سۈرەتلىك پۇل. 1912- يىلى (مىنگونىڭ 1- يىلى) شىنجاڭنىڭ مالىيە خەزىنىسىدىن (چىڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمانبەردار مەھكىمىسى، مالىيە خەزىنىسى مىنگو دەۋرىدىكى مالىيە نازارىتى خەزىنىسى بىلەن باراۋەر ئىدى) تارقىتىلغان. ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەدە بېسىلغان. ئۆلچىمى 105×200 مىللىمېتر. چوڭ تىپتىكى ئەجدىھار سۈرەتلىك پۇلنى ئۆرنەك قىلىپ ئىشلەنگەن. لېكىن قەغىزى كىچىكرەك، قەغىزىنىڭ سۈپىتى ۋە بېسىلىش سۈپىتى چوڭ تىپتىكىسىگە يەتمەيدۇ. ئالدى تەرىپىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا «شىنجاڭ مالىيە خەزىنىسىنىڭ پۇلى» دەپ يېزىلغان. سول تەرىپىگە تارقىتىلغان ۋاقتى «مىنگونىڭ 1- يىلى، ئاي، كۈنى» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپى ئۈچ كاتەكچىگە بۆلۈنگەن، يۇقىرى قىسمىدىكى كاتەكچە ئاق قالدۇرۇلغان، ئوتتۇرىدىكى كاتەكچىگە خەنزۇچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن : «گەنسۇ، شىنجاڭ پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ پەرمانبەردارى چىڭ (شۇ چاغدىكى پەرمانبەردار چىڭ جىتاڭ)، شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرىدۇكى، مەزكۇر ھۆكۈمەت پۇلىنى ئۆلكە ئىچىدە ھەرقايسى تارماقلار ئاشلىق ، زىرائەت بېجى قاتارلىق بارلىق ھۆكۈمەت پۇللىرى ئۈچۈن تاپشۇرسا بولىدۇ. كۈمۈش پۇلغا ئالماشتۇرۇش پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت پۇل قۇيۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. كېيىنچە ھۆكۈمەت بانكىسى قۇرۇلسا، بانكا تەرىپىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. ئەگەر قايسىكى ئەمەلدار يوقىلاڭ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئالغىلى ئۇنىمىسا، يامۇلغا كېلىپ ئەرز قىلسا بولىدۇ. ئۇلار چوقۇم قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. ئەگەر مەككارلار ساختا پۇل ياسىسا، ئۆلۈم جازاغا تارتىلىدۇ. مەزكۇر ئۇقتۇرۇشقا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، سودىگەرلەر، پۇقرالار بىردەك ئەمەل قىلىشى لازىم. مىنگونىڭ 1- يىلى، ئاي ، كۈنى». تۆۋەنكى كاتەكچىغا ئۇقتۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرچىسى يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى يېرىمىغا چوڭ قىزىل رەڭلىك ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان، ئوڭ- سول تەرىپىنىڭ چۆرىسىگە چاك باستۇرۇپ تامغا بېسىلغان، بۇ يەرلىرى چوڭ تىپتىكى ئەجدىھار سۈرەتلىك پۇل بىلەن ئوخشاش. مىنگونىڭ 1- يىلى چىڭ پادىشاھى تەختتىن ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ يىراقتىكى

غەربىي چېگرا رايون بولغاچقا، يەنىلا خانپەرەس باش مۇپەتتىش يۇەن داخۇانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان. شۇڭا شۇ يىلى ئەتىيازدا پەرمانبەردار چىڭ جىنالڭ كىچىك تىپتىكى ئەجدىھار سۈرەتلىك پۇلنى بېسىپ تارقاتقان. بۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئۇقتۇرۇشتا ھەم مىنگونىڭ 1- يىلىغا ئىتائەت قىلغان، ھەم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەل مەرتىۋىسىنى ئىشلەتكەن زىددىيەتلىك ئەھۋالنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

• 456. ئۈرۈمچىدىكى گۇڭ جۈيچىڭ سودا ماگازىنىنىڭ پۇلى ( سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى) . 1901— 1910- يىللىرى ( گۇاڭشۈينىڭ 27- يىلىدىن شۈەنتۇڭنىڭ 2- يىلىغىچە) ئۈرۈمچىدىكى سودىگەر «سەككىز چوڭ ئائىلە» نىڭ بىرسى بولغان «گۇڭ جۈيچىڭ» سودا ماگازىنى تارقاتقان. مەزكۇر پۇل مايلىق لاتا پۇل بولۇپ، ئۆلچىمى 115×220 مىللىمېتر. ئۇ 400 (بىر تىزىق) داچەنگە ئالماشتۇرۇلغان.

• 457. ئىلى پۇلى، 1909- يىلى ئىلى پۇل باشقۇرۇش باش ئىدارىسى تارقاتقان. بېيجىڭدىكى بەيياڭ گۇەنباۋ ئىدارىسىدە بېسىلغان. ئۆلچىمى 110×186 مىللىمېتر. ئالدى يۈزىنىڭ ئوڭ سول تەرىپىدىكى ئۆرە رامكا ئىچىگە خەنزۇچە تېگى كۆك ئاق خەت بىلەن قەغەز پۇلنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئارتۇقچىلىقى تەشۋىق قىلىنغان قىسقا باياننامە يېزىلغان . ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن : «ئۇنچە - مەرۋايىت قىممەتلىك بۇيۇم، ئۇ يىغىپ ساقلاشقا، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغىنى بىلەن، بازاردا ئوبوروت قىلىنىشقا ئەپسىز، مىس پۇل ئېغىر بۇيۇم، ئۇ بازاردا ئوبوروت قىلىنىشقا ئەپلىك بولغىنى بىلەن، يىغىپ ساقلاشقا، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپسىز. ئوبوروت قىلىشقا ئەپلىك ھەم يېنىك بولغان بىردىنبىر پۇل قەغەز پۇلدۇر. قەغەز پۇل ئىناۋەتلىك ھەم ئاساس بولۇپ ، ئاكسىيەنىڭ بىر تۈرى، ئۇنى ئىشلىتىش ھەممىدىن ئوڭاي، ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج ئەڭ كۆپ، قىيىن ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق. رەخ، ئاشلىق بىلەن كىشلەر ھاياتلىقنى ساقلايدۇ. زىيالىلار، دېھقانلار، ئىشچىلار، سودىگەرلەر كەسىپ قىلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . بېرىش - كېلىش قىلىپ، بار- يوقنى ئۆزئارا ئالماشتۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن بەزىدە مېتال پۇل قەغەز پۇلغىمۇ يەتمەيدىغان پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ ؟ بۇ مېتال پۇلنىڭ بەزىدە بالا پۇل ، قەغەز پۇلنىڭ بەزىدە ئانا پۇل بولۇپ قالغانلىقىدىن بولىدۇ. ئۇنىڭ پايدىلىق تەرىپى كۆپ بولغاچقا كىشلەر ياقتۇرۇپ، خاتىرجەم ئىشلىتىدۇ. شۇڭا ئۇنى مۇنداق دەپ مەدھىيىلەشكە بولىدۇ: مېتال پۇلمۇ پۇل ، قەغەز پۇلمۇ پۇل ، ئېلىشقا، قويۇشقا ئەپلىك، ئوبوروت قىلسا پايدىسى بار. بالا پۇل كېيىن، ئانا پۇل بالدۇر بولغان. ئۇ ئۆپرىمايدۇ، سۇنمايدۇ، ئانا پۇل بىلەن بالا پۇل بىر- بىرىگە تايىنىدۇ. نۇرغۇن بايلىقنى بىر سىقىم پۇلغا يىغىنچاقلىغىلى، سەپەرگە چىققاندا نۇرغۇن پۇلنى بىر قاپچۇققا سېلىۋالغىلى بولىدۇ. ساقلىسا مەخپىي نەرسە، خەجلىسە تېز تۈگەيدۇ. قولايلىقلىقى جەھەتتە ھېچنىمە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتمەيدۇ. بەش خىل پۇل، جىمى تەرسىگە كېرەك. ئۇنى بىر پارچە قەغەز دېمەڭلار، ئەمەلىيەتتە ئۇ جىمى تەرسىنىڭ تۈگۈنى. ئۇنى قەغەز دېسەڭ قەغەز، بايلىق دېسەڭ بايلىق، ھەم قەغەز، ھەم بايلىق، ئىناۋىتى ھەممىگە قادىر» . ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە «مەزكۇر پۇلغا مىڭ يارماق بېرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. سول تەرىپىگە تارقىتىلغان ۋاقتى «شۈەنتۇڭنىڭ 1- يىلى، ئاي، كۈنى» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىدىكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ھەممىسى يوڭ قەلەم بىلەن يېزىلغان. نومۇرى ۋە پۇل قىممىتىنى بىلدۈرىدىغان سانلارنىڭ ئۈستىگە قىزىل تامغا بېسىلغان. سول تەرىپىنىڭ تۆۋەنكى بۇلۇڭىغا، خەنزۇچە «پۇل باشقۇرۇش باش ئىدارىسى» دېگەن ئۇزۇن چاسا تامغا بېسىلغان. ئۆرە چۈشۈرۈلگەن ئەجدىھار سۈرىتىنىڭ ئىچكى ئوڭ تەرىپىگە خەنزۇچە ئۇششاق قىلىپ «پۇلنى تونۇيمىز، ئادەمنى تونۇمايمىز» دەپ، سول تەرىپىگە «يۈتۈپ كەتسە ئىگە بولمايمىز» دەپ يېزىلغان. پۇلنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ چۆرىسىگە يوڭ قەلەم بىلەن نومۇر قويۇلغان، ئۈستىگە چاڭ باستۇرۇپ تامغا بېسىلغان. پۇلنىڭ ئەڭ ئاستىغا ئىنتايىن ئۇششاق خەت بىلەن خەنزۇچە «بەيياڭ گېزىت ئىدارىسىدا بېسىلدى» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدە ئۈچ كاتەكچە بولۇپ، بىرىنچى كاتەكچىگە خەنزۇچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن : « پۇل— كىشلەر ئېلىپ يۈرۈشكە، ئوبوروت قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن چىقىرىلغان. لېكىن مەككارلار يالغان پۇل ياساپ، كىشىلەرنى ئالداپ، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتماقتا. جياڭجۈنىڭ (ئىلى جياڭجۈنى) بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ئەنگە ئېلىش لازىم. ھەممىنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر ئۇقتۇرۇش چىقىرىلدى. يالغان پۇل ياسىغۇچىلارنى پۇل چىقىرىش ئىدارىسى قاتتىق جازالىشى لازىم . ئەگەر يالغان پۇل ئىككەنلىكىنى دەرھال ئېنىقلاشقا بولمىسا، نەدىن كەلگەنلىكىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، باشقىلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. جياڭجۈنىڭ بۇيرۇقىدىن باشقا، پۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇ ئۇقتۇرۇشنى چىقاردى». ئوتتۇرىدىكى كاتەكچىگە يۇقىرىدىكى ئۇقتۇرۇشنىڭ مانجۇچىسى يېزىلغان، ئاستىدىكى كاتەكچىگە ئۇيغۇرچىسى يېزىلغان. شىمالىي شىنجاڭدا خەجلەنگەن ئۆلچەملىك پۇلنىڭ ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن قىممىتى بويىچە 1000 يارماق بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلغان. مەزكۇر پۇلمۇ بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلغان.

• 458. ئىلى پۇل باشقۇرۇش باش ئىدارىسىنىڭ بىر مىسقاللىق مىس پۇلى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىلى پۇل باشقۇرۇش باش ئىدارىسى تارقاتقان. بۇ— سېرىق مىستىن ئىشلەنگەن ئۇزۇن چاسا شەكىلدىكى قۇيما پۇل . ئېغىرلىقى 12.3 گرام ،ئۇزۇنلۇقى 71 مىللىمېتر، كەڭلىكى 9 مىللىمېتر، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە «پۇل قۇ-

يـۇش بـاش ئىدارىسى» دېگەن خەت يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە خـەنزۇچە «بىر مىسقال» دېگەن خەت يېزىلغان. ئۈستى بىلەن ئاستىدا ئاددىي گۈل شېخى بار. خەتلىرى قولدا ئويۇلغان. ئىـ لـىدا خـەجـلـەنگەن ئۆلچەملىك پۇلنىڭ ھۆكۈمەت بېكىتكەن قـىـممىتى بويىچە 1000 يارماق بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇل- غـان. مـەزكـۇر پـۇلـغـا بىر مىسقال دەپ يېزىلغان بولۇپ، 100 يارماققا سۇندۇرۇلغان. بۇ پۇل ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

# ئۈچىنچى قىسمى

• 463. شىنجاڭنىڭ بىر سەرلىك رېنزى يىلى ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىگە بىر- بىرىگە تۇتاشقان بەش يۇللۇق بىر جۈپ بايراقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئېغىرلىقى 34.8 گرام، قېلىنلىقى 3.1 مىللىمېتر، دىئامېترى 39.5 مىللىمېتر. ئارقا تەرىپىدىكى بىر جۈپ بايراقتا بەش خىل رەڭدە بەش تىك يول چۈشۈرۈلگەن، لېكىن ئۆلچەملىك بولمىغان. بايراق دەستىسى تەرىپىدىكى 1- ۋە 3-، 5- يوللارغا بەشتىن ھالقا شەكلى چۈشۈرۈلگەن. 2- ۋە 4- يوللارغا بىر- بىرىگە ئۇلانغان گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن.

• 464. شىنجاڭنىڭ بىر سەرلىك رېنزى يىلى ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىگە بەش يوللۇق بىر جۈپ بايراقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئېغىرلىقى 34.9 گرام، قېلىنلىقى 3.1 مىللىمېتر، دىئامېترى 39.5 مىللىمېتر، ئارقا تەرىپىدىكى بىرىنچى يولغا بەش يۇمىلاق ھالقا شەكلى چۈشۈرۈلگەن، باشقا تۆت يولغا بىر تۇتاش گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇ پۇل يۇقۇرىدىكى پۇل بىلەن 1912- يىلى (رېنزى يىلى يەنى مىنگونىڭ 1- يىلى) ئۈرۈمچى شىمگو كۈمۈش پۇل قۇيۇش ئىدارىسىدا قۇيۇلغان.

• 465. شىنجاڭنىڭ بەش مىسقاللىق رېنزى يىلى ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىگە بىر- بىرىگە تۇتاشقان بەش يوللۇق بىر جۈپ بايراق چۈشۈرۈلگەن. ئېغىرلىقى 17.7 گرام، قېلىنلىقى 2.1 مىللىمېتر، دىئامېترى 33.5 مىللىمېتر. بۇ پۇل بىر سەرلىك جۈپ بايراقلىق پۇل بىلەن بىر يۈرۈش.

• 466. شىنجاڭنىڭ بەش مىسقاللىق رېنزى يىلى ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، ئارقا تەرىپىدىكى بەش يوللۇق بىر جۈپ بايراقنىڭ تۆت يولى بىر خىل. ئېغىرلىقى 17.2 گرام، قېلىنلىقى 2.3 مىللىمېتر، دىئامېترى 33.4 مىللىمېتر، بۇ پۇل جۈپ بايراقتىكى تۆت يولى بىر خىل بولغان بىر سەرلىك پۇل بىلەن بىر يۈرۈش. ئىككى خىل بەش مىسقاللىق پۇل 1912- يىلى ئۈرۈمچى شىمگو كۈمۈش پۇل قۇيۇش ئىدارىسىدا قۇيۇلغان.

• 467. شىنجاڭنىڭ رېنزى يىلى مىس پۇلى، ئون داچەنلىك، ئارقا تەرىپىگە چوڭ بىر جۈپ بايراق چۈشۈرۈلگەن. 1912- يىلى ئۈرۈمچى شىمگو كۈمۈش پۇل قۇيۇش ئىدارىسىدا قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى 16.8 گرام، دىئامېترى 33 مىللىمېتر. ئارقا تەرىپىدىكى بايراق بىر قەدەر چوڭ، بەش خىل رەڭ ئۈچۈن بەش يول چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، 1-، 3-، 5- يوللىرىغا يۇمىلاق بەش ھالقا شەكلى چۈشۈرۈلگەن، 2-، 4- يوللىرىغا تۇتاشما گۈلنۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن.

• 468. شىنجاڭنىڭ رېنزى يىلى مىس پۇلى، ئون داچەنلىك، ئارقا تەرىپىگە بىر جۈپ كىچىك بايراق چۈشۈرۈلگەن. ئېغىرلىقى 16.8 گرام، دىئامېترى 33 مىللىمېتر، يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بايراق كىچىكرەك، 1- يولدا بەش كىچىك يۇمىلاق ھالقا شەكلى بار، باشقا تۆت يولغا تۇتاشما گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن.

• 469. ئەجدىھار سۈرەتلىك پۇل (مىنگونىڭ 2- يىلى باسمىسى)، يەنە يېڭى پۇل، ئۆلكە پۇلى دەپمۇ ئاتالغان. 1913- يىلى ئۈرۈمچىدە بېسىلغان، شىنجاڭ مالىيە مەھكىمىسى تارقاتقان. ئۆلچىمى 113×215 مىللىمېتر. ئاق داۋلىن قەغىزىدە رەڭلىك قىلىپ تاش مەتبەدە بېسىلغان، سۈپىتى سەل ناچار، رەڭلىرى تۇتۇق، ئالدى تەرىپىنىڭ يۇقىرىسىغا ئىككى قۇر قىلىپ خەنزۇچە «شىنجاڭ مالىيە مەھكىمىسىنىڭ خەزىنە پۇلى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. ئۇ چاغ مىنگو دەۋرى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمانبەردار مەھكىمىسى مالىيە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەچكە، مالىيە مەھكىمىسىنىڭ خەزىنە پۇلى دەپ ئاتالغان. ئارقا تەرىپىگە ئۆلكىلىك مالىيە مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى يېزىلغان، ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ مالىيە مەھكىمىسى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مەزكۇر ھۆكۈمەت پۇلىنى ئۆلكە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى جايلار ئاشلىق بېجى قاتارلىق بارلىق ھۆكۈمەت پۇللىرى ئۈچۈن تاپشۇرسا بولىدۇ. كۈمۈش پۇلغا ئالماشتۇرسا، پۇل باشقۇرۇش ئىدارىلىرى چىقىم قىلىدۇ، كېيىنچە ھۆكۈمەت بانكىسى قۇرۇلسا، بانكا چىقىم قىلىدۇ، ئەگەر قايسىكى ئەمەلدار يوقىلاڭ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئېلىشقا ئۇنىمسا، مەھكىمىمىزگە كېلىپ ئەرز قىلسا بولىدۇ، ئۇلار چوقۇم قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. ھازىرچە مالىيە مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى تارقىتىلمىغاچ، گوۋۇيۈەنگە مەلۇم قىلىش ئارقىلىق، يەنىلا ئىلگىرىكى پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلدى، ئىناۋىتى ئوخشاش. ئەگەر مەككارلار ساختا پۇل ياسىسا، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلكىدىكى بارلىق ھۆكۈمەت خادىملىرى، زىيالىيلار، سودىگەرلەر، پۇقرالار بۇ ئۇقتۇرۇشقا ئىزچىل ئەمەل قىلىشى لازىم. مىنگونىڭ 2- يىلى، ئاي، كۈنى»

• 470. ئەجدىھار سۈرەتلىك پۇل (مىنگونىڭ 4- يىلى باسمىسى). 1915- يىلى ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەدە بېسىلغان، شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تارقاتقان، ئاق داۋلىن قەغىزىگە بېسىلغان ھۆكۈمەت پۇلى. ئۆلچىمى 113×129 مىللىمېتر، بېسىلىش سۈپىتى مىنگونىڭ 2- يىلى بېسىلغان پۇلنىڭكىدىنمۇ تۆۋەن، ئالدى تەرىپىگە «شىنجاڭ مالىيەنازارىتىنىڭ خەزىنە پۇلى» دەپ يېزىلغان. شۇ چاغدا بېيجىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى

مالىيە مەھكىمىسىنى مالىيە نازارىتى دەپ ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكتىن، «مالىيە نازارىتىنىڭ خەزىنە پۇلى» دەپ ئاتالغان. ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ مالىيە نازارىتى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مەزكۇر ھۆكۈمەت پۇلىنى ئۆلكە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى جايلار ئاشلىق بېجى قاتارلىق بارلىق ھۆكۈمەت پۇللىرى ئۈچۈن تاپشۇرسا بولىدۇ. كۆمۈش پۇلغا ئالماشتۇرسا پۇل باشقۇرۇش ئىدارىلىرى چىقىم قىلىدۇ، كېيىنچە ھۆكۈمەت بانكىسى قۇرۇلسا، بانكا چىقىم قىلىدۇ. ئەگەر قايسىكى ئەمەلدار يوقىلاڭ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئېلىشقا ئۇنىمىسا، نازارىتىمىزگە كېلىپ ئەرز قىلسا بولىدۇ. ئۇلار قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. مالىيە نازارىتى يېڭىدىن قۇرۇلغانلىقتىن تامغىسى تېخى تارقىتىلمىدى، ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىش ئارقىلىق، يەنىلا ئىلگىرىكى پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلدى. ئىناۋىتى ئوخشاش. ئەگەر مەككارلار ساختا پۇل ياسىسا، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلكىدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى، زىيالىلار، سودىگەرلەر، پۇقرالار بۇ ئۇقتۇرۇشقا ئىزچىل ئەمەل قىلىشى لازىم. مىنگونىڭ 4- يىلى، ئاي، كۈن» دېيىلگەن.

● 471. كۆچۈك سۈرەتلىك پۇل(مىنگونىڭ 3- يىلى باسمىسى). ئاساسىي پۇل بولغان ئەجدىھار سۈرەتلىك پۇلنىڭ قوشۇمچىسى. قىممىتى 100 داچەن، 2.5 مىسقال كۈمۈشكە سۇندۇرۇلغان. 1914- يىلى ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەدە بېسىلغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى تارقاتقان، ئاق داۋلىن قەغىزىدە بېسىلغان ھۆكۈمەت پۇلى. ئۆلچىمى 106×135 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپى قىزىل، يېشىل، قارا ئۈچ خىل رەڭدە بېسىلغان، سۈرەتلىرى قوپال ئىشلەنگەن. ئوڭ- سول تەرىپىگە بىردىن ئۆرە تۇرغان يېشىل شىرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، لېكىن سۈرەت تازا ياخشى ئىشلەنمىگەچكە كۆچۈككە ئوخشاپ قالغان. شۇ سەۋەپتىن خەلق ئىچىدە «كۆچۈك سۈرەتلىك پۇل» دەپ ئاتالغان. ئارقا تەرىپىگە مالىيە نازارىتىنىڭ خەنزۇچە ئۇقتۇرۇشى يېزىلغان، ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ مالىيە نازارىتى شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، مەزكۇر ھۆكۈمەت پۇلىنى ئۆلكە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى جايلار ئاشلىق بېجى قاتارلىق بارلىق ھۆكۈمەت پۇلى ئۈچۈن تاپشۇرسا بولىدۇ. كۆمۈش پۇلغا ئالماشتۇرسا، پۇل باشقۇرۇش ئىدارىلىرى چىقىم قىلىدۇ، كېيىنچە ھۆكۈمەت بانكىسى قۇرۇلسا، بانكا چىقىم قىلىدۇ. ئەگەر قايسىكى ئەمەلدار يوقىلاڭ سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ ئېلىشقا ئۇنىمىسا، نازارىتىمىزگە كېلىپ ئەرز قىلسا بولىدۇ، ئۇلار قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. مالىيە نازارىتى يېڭى قۇرۇلغاچقا، تامغىسى تېخى تارقىتىلمىدى، ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىش ئارقىلىق، يەنىلا ئىلگىرىكى پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلدى، ئىناۋىتى ئوخشاش. مەككارلار ساختا پۇل ياسىسا، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلكىدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى، زىيالىلار، سودىگەرلەر، پۇقرالار بۇ ئۇقتۇرۇشقا ئىزچىل ئەمەل قىلىشى لازىم. مىنگونىڭ 3- يىلى، ئاي، كۈن»

● 472. كۆچۈك سۈرەتلىك پۇل (مىنگونىڭ 4- يىلى باسمىسى). 1915- يىلى ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەدە بېسىلغان. ئۆلچىمى 118×145 مىللىمېتر. مەزكۇر پۇل مىنگونىڭ 4- يىلى بېسىلغان. باشقا جايلىرى مىنگونىڭ 3- يىلدىكىسى بىلەن ئوخشاش.

● 473. مىنگونىڭ 6- يىلى بېيجىڭدا بېسىلغان 400 داچەنلىك ئۆلكە پۇلى. 1917- يىلى بېسىلغان، 1919- يىلنىڭ بېشىدا شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تارقاتقان. بېيجىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مەتبەئە ئىدارىسى ئاق داۋلىن قەغىزىگە باسقان ھۆكۈمەت پۇلى، سۈرەت ۋە خەتلىرى چىرايلىق ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 106×208 مىللىمېتر. ئالدى سول تەرىپىنىڭ تۆۋەن بۆلۈكىگە «شىنجاڭ مالىيە نازارىتى» دېگەن قىزىل تامغا چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىگە يېزىلغان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇشقا چوڭ ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۆلكە باشلىقى، مالىيە نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى: مەزكۇر ھۆكۈمەت پۇلى 400 داچەنگە، خۇنەن ئۆلچىمىدە بىر سەر كۈمۈشكە باراۋەر. پۇقرالار ئاشلىق ۋە باشقا باج پۇللىرى، ھۆكۈمەت پۇللىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە تامامەن بولىدۇ. مىنگونىڭ 6- يىلى ئاي، كۈن» بۇ يېڭى ئۆلكە پۇلى كونىراپ يېرتىلىپ كەتكەن ئەجدىھار سۈرەتلىك پۇلنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن تارقىتىلغان. تارقىتىلغان ئومۇمىي سانى 5 مىليون سەر.

● 474. مىنگونىڭ 9- يىلى بېيجىڭدا بېسىلغان 100 داچەنلىك ئۆلكە پۇلى. 1920- يىلى بېيجىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مەتبەئە ئىدارىسىدا بېسىلغان، شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تارقاتقان. ئاق داۋلىن قەغىزىگە بېسىلغان كىچىك (قوشۇمچە) پۇل. نەپىس ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 94×116 مىللىمېتر. ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە يېزىلغان ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۆلكە باشلىقى، مالىيە نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى: مەزكۇر كىچىك ھۆكۈمەت پۇلى 100 داچەنگە، خۇنەن ئۆلچىمىدە 2.5 مىسقال كۈمۈشكە باراۋەر. ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ پۇلى بىلەن ئوخشاش، ئاشلىق ۋە باشقا باج پۇللىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە تامامەن بولىدۇ. ئەگەر ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە، چوقۇم قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. مىنگونىڭ 9- يىلى، ئاي، كۈن». ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان. ئوڭ تەرەپ چۆرىسىگە «شىنجاڭ قەغەز پۇلى» دېيىلگەن چاك تامغىسى بېسىلغان. مەزكۇر پۇل مىنگونىڭ 3-، 4- يىللىرى چىقىرىلغان كۆچۈك سۈرەتلىك پۇل بىلەن ئوخشاش قىممەت، ئوخشاش شەكىلدە ئىشلىنىپ، كونىرىغان كۆچۈك سۈرەتلىك پۇلنى يېڭى پۇلغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن چىقىرىلغان. شۇڭا ئاۋام خەلق ئۇنىمۇ «كۆچۈك سۈرەتلىك پۇل» دەپ ئاتىغان.

. 475. مىنگونىڭ 10- يىلى بېيجىڭدا بېسىلغان 400 داچەنلىك
ئۆلكە پۇلى. 1921- يىلى بېيجىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ
مەتبەئە ئىدارىسىدا قايتا بېسىلغان مىنگونىڭ 6- يىلىدىكى
ئۆلكە پۇلى، ئۆلچىمى 105×211 مىللىمېتىر. بۇ پۇلنىڭ ئالدى-
ئارقا تەرىپىدىكى خەت ۋە سۈرەتلەر مىنگونىڭ 6- يىلى باس-
مىسىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش. پەقەت بېسىلغان ۋاقتىغا
«مىنگونىڭ 10- يىلى» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە يەنىلا
مىنگونىڭ 6- يىلىدىكى ئۇقتۇرۇش يېزىلغان.

. 476- 481. مىنگونىڭ 14- يىلىدىن 20- يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە
بېسىلغان 400 داچەنلىك ئۆلكە پۇللىرى، ئۈرۈمچى مالىيە نازا-
رىتىنىڭ پۇل بېسىش ئىدارىسىدە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان.
قەغىزى بىلەن بېسىلىشى ناچارراق، مىنگونىڭ 14- يىلى (1925)
دىن مىنگونىڭ 20- يىلى (1931) غىچە 6 يىل ئىچىدە بېسىلغان.
بۇلارنىڭ ئىچىدە مىنگونىڭ 18- يىلى (1929) باسمىسىدىكى
پۇل ئۇچرىمىدى. ئۇزۇنلۇقى 204 - 213 مىللىمېتىر، كەڭلىكى
104 - 110 مىللىمېتىر، چوڭ- كىچىكلىكى تەكشى ئەمەس.
ئالدى تەرىپىدىكى گۈل نۇسخىلىرى، خەتلىرى بېيجىڭدا
بېسىلغان 400 داچەنلىك ئۆلكە پۇلىنىڭكى بىلەن ئوخشاش.
پەقەت چۆرىسىنىڭ رەڭگى قارا رەڭگە ئۆزگەرتىلگەن، تېگىگە
قىزغۇچ رەڭ بېرىلگەن. سول تەرىپىنىڭ تۆۋەنكى بۇلۇڭىدا
«شىنجاڭ مالىيە نازارىتى خەزىنىسىدىن تارقىتىلغان» دېگەن
تامغا يوق. ئارقا تەرىپىنىڭ چۆرىسى كۆك، تېگى ئاق بولۇپ،
قارا خەت بىلەن خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان.
مىنگونىڭ 14- يىلىدىن 17- يىلىغىچە بولغان ئۆلكە پۇللىرى-
دىكى ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۆلكە باشلىقى،
مالىيە نازارىتى نازىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشى: مەزكۇر ئۆلكە پۇلىنىڭ
ھەر بىرسى 400 داچەنگە، خونەن ئۆلچىمىدە بىر سەر كۈ-
مۈشكە باراۋەر. پۇقرالار ئاشلىق ۋە باشقا باج پۇللىرى،
ھۆكۈمەت پۇللىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە تامامەن بولىدۇ. ئەگەر
ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ.
مىنگونىڭ ×× يىلى، ئاي، كۈن». بېيجىڭدا بېسىلغان 400
داچەنلىك ئۆلكە پۇلىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يېزىلغان ئۇقتۇرۇشقا
سېلىشتۇرغاندا، «ئەگەر ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە،
قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ» دېگەن ئىككى جۈملە سۆز ئارتۇق
يېزىلغان. مىنگونىڭ 19- يىلى، 20- يىللىرىدىكى ئۆلكە پۇلىغا
يېزىلغان ئۇقتۇرۇشتا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى،
مالىيە نازارىتى» دەپ يېزىلغان. باشقا جايلىرى ئوخشاش. ئۇ
چاغدا شىنجاڭ دائىرىلىرى ئېتىراپ قىلغان مەركىزىي ھۆكۈمەت
شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىدىن گومىنداڭ مەركىزىي
ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، شۇڭلاشقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
باشلىقىنىڭ نامى ئۆلكە باشلىقىدىن ئۆلكە رەئىسىگە
ئۆزگەرتىلگەن.

. 482. مىنگونىڭ 21- يىلى بېسىلىپ تارقىتىلمىغان ئۆلكە
پۇلى، بېيجىڭدا بېسىلغان 400 داچەنلىك پۇل. 1932- يىلى
بېيجىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مەتبەئە ئىدارىسىدا بېسىلغان،
باش نۇمۇرى يېزىلمىغان، لېكىن ئەرەبچە نومۇر سېلىنغان،
تامغا بېسىلمىغان. شۇ چاغدا پۇل پاخاللىقى كۈندىن- كۈنگە
ئەۋج ئېلىپ، بازارنىڭ پۇل ئېھتىياجى زور مىقداردا ئېشىپ
كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل 400 داچەنلىك (نامىدا بىر
سەر كۈمۈشكە باراۋەر) پۇل ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇ
پۇل ئۆز، شەكلىدىكى ھۆكۈمەت تىزىسى بولۇپ، سۇپەتلىك
قەغەزدە نەپىس ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 88×175 مىللىمېتىر.
ئالدى تەرىپىگە كۆلرەڭ نەقىش چۈشۈرۈلگەن، ئوتتۇرىسىغا
سېرىق رەڭلىك نەقىش چۈشۈرۈلگەن، چۆرىسىگە گۈل بې-
سىلغان. يۇقىرىسىغا ئۈرۈمچىدىكى كۆل راۋىقىنىڭ مەنزىرىسى
چۈشۈرۈلگەن. ئەڭ تېگىگە ئۇششاق خەت بىلەن «بېيجىڭ ما-
لىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مەتبەئە ئىدارىسىدا بېسىلدى» دەپ
يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە كۆلرەڭ نەقىش، ئوتتۇرىسىغا يېشىل
رەڭلىك نەقىش چۈشۈرۈلگەن. چۆرىسىگە گۈل بېسىلغان،
ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان. ئۇق-
تۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
رەئىسى، مالىيە نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى: مەزكۇر ئۆلكە پۇلى
400 داچەنلىك بولۇپ، خونەن ئۆلچىمىدە بىر سەر كۈمۈشكە
باراۋەر. پۇقرالار ئاشلىق ۋە باشقا باجلار، ھۆكۈمەت پۇللىرى
ئۈچۈن ئىشلەتسە تامامەن بولىدۇ. ساختا پۇل ياسىغۇچىلار
كۆرۈلسە قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. مىنگونىڭ 21- يىلى، ئاي،
كۈن»

. 483. مىنگونىڭ 21- يىلى بېسىلىپ تارقىتىلمىغان ئۆلكە
پۇلى بۇ - بېيجىڭدا بېسىلغان 2 مىڭ داچەنلىك پۇل، مەزكۇر
پۇلنىڭ شەكلى يۇقىرىدىكى 400 داچەنلىك پۇل بىلەن
ئاساسەن ئوخشاش. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ①ئۆلچىمى
چوڭراق بولۇپ، 93×186 مىللىمېتىر كېلىدۇ. ② ئالدى
تەرىپىگە قوڭۇر، تېگىگە مايسىرەڭ نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن.
ئۈستى تەرىپىگە تەگرى تېغى بوغدا چوققىسىنىڭ سۈرىتى
چۈشۈرۈلگەن، ئارقا تەرىپىگە سۆسۈن، مايسىرەڭدە نەقىش
چۈشۈرۈلگەن. ئۇقتۇرۇشنىڭ مۇناسىپ قىسمى ئۆزگەرتىلىپ
«2000 داچەنلىك مەزكۇر پۇل خونەن ئۆلچىمىدە بەش سەر
كۈمۈشكە باراۋەر» دەپ يېزىلغان. باشقا جايلىرى 400 داچەن-
لىك پۇل بىلەن ئوخشاش. شۇ چاغدا بازاردا ئىلگىرى
تارقىتىلغان بەش سەرلىك پۇل بولغان. بۇ پۇل يەنىلا 2000
داچەنلىك ھېساپلانغاچقا ئىشلىمەي قېلىپ تارقىتىلمىغان.

. 484. ئۈرۈمچى پۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 40 داچەنلىك
مايلىق لاتا پۇلى. مىنگونىڭ 16- يىلى باسمىسى، 1927- يىلى
ئۈرۈمچى پۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى باستۇرغان. ئاق خەسىگە
ياغاچ بەت كەيدۇرۇپ قوغۇشۇن ھەرپتە بېسىلغان، ئاندىن
تۇڭيۇ يېغىغا چىلانغان بولۇپ، قەغەز پۇلغا قارىغاندا مەزمۇت
بولغان، شۇڭا «مايلىق لاتا پۇل» دەپ ئاتالغان. كىچىكرەك
ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت پۇلى (قوشۇمچە پۇل) بولۇپ، ئارقا

تەرىپى ئاق قالدۇرۇلغان. ئۆلچىمى 93 × 116 ملللىمېتر، چوڭ-كىچىكلىكى تەكشى ئەمەس. يۇقىرى قىسمىغا شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ گىرەلەشتۈرۈلگەن ئىككى بايرىقى چۈشۈرۈلگەن. ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە «ئۈرۈمچى پۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىمالىي شىنجاڭ، ئاقسۇغا قاراشلىق جايلاردا ئۆتىدىغان پۇلى، بۇ پۇلغا 40 داچەن بېرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ خىلدىكى مايلىق لاتا پۇل مىنگونىڭ 12- يىلىدىن 18- يىلىغىچە (1923 ـ 1929) ھەر يىلى بېسىلىپ تۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا، پەقەت مىنگونىڭ 12- يىلىلا (1923) بېسىلىپ، ئۈرۈمچى، ئىلى ، ئالتاي، ئاقسۇدىن ئىبارەت تۆت رايوندا مەخسۇس خەجلىنىدىغان مايلىق لاتا پۇلمۇ بار. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە ئىككىنچى قۇرنى ئۆزگەرتىپ، «مەخسۇس × × دە خەجلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان، باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇللار بىلەن ئوخشاش، بۇ ئەڭ بالدۇر تارقىتىلغان مايلىق لاتا پۇل. پۇلنىڭ رەڭگى بۇزۇلۇپ، خەتلىرى خۇنۇكلىشىپ كەتكەنلىكتىن رەسىمگە ئېلىشقا بولمىدى، شۇڭا يېزىق يۈزىدىلا سۈرەتلەپ بېرىلدى.

• 485. ئۈرۈمچى پۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 40 داچەنلىك مايلىق لاتا پۇلى. مىنگونىڭ 21- يىلى باسمىسى. 1932- يىلى ئۈرۈمچى پۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇيدۇرغان. بۇ پۇلنىڭ مىنگونىڭ 16- يىلى بېسىلغان پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئالدى تەرىپىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ گىرەلەشتۈرۈلگەن ئىككى بايرىقى چۈشۈرۈلگەن، ئوڭ- سول تەرىپىگە قارا ئۈرۈك دەرىخىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. باشقا جايلىرى ئاۋالقىسىغا ئوخشايدۇ. بۇ خىل پۇل مىنگونىڭ 19- يىلىدىن باشلاپ تارقىتىلىپ، مىنگونىڭ 21- يىلى (1932) توختىتىلغان. چۈنكى شۇ يىلى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇمۇلدا ئىچكى ئۇرۇش قوزغىلىپ، 4- 5 سەرلىك چوڭ قىممەتتىكى ئۆلكە پۇلى بازارغا سېلىنىپ، پۇل پاخاللىقى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ خىل 40 داچەنلىك قوشۇمچە پۇلنىڭ رولى قالمىغان.

• 486. ساختا مايلىق لاتا پۇل، ئۆلچىمى 93 × 116 ملللىمېتر. بۇ ساختا پۇلنى مىنگونىڭ 19- يىلى (1930) كۇچار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بايقىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغان. راست پۇلدىكى خەنزۇچە خەتلەر مىخ مەتبەدە بېسىلغان بولغاچقا سىزىقلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. يالغان پۇلدىكى خەنزۇچە خەتلەر ياغاچ ئويما مەتبەدە تەقلىد قىلىپ بېسىلغان بولغاچقا پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا مايلىق لاتىنىڭ رەڭگى تۇتۇق بولىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ كەتكەن. تازا سىنچىلاپ قارىمىسا، بايقىۋالغىلى بولمايدۇ.

• 487. ئۈچ سەر كۈمۈشكە تەڭ ئۆلكە پۇلى. مىنگونىڭ 21- يىلى (1932) ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەدە بېسىلغان. بەيياڭ قەغىزىدە ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت پۇلى، ئۆلچىمى 102 × 208 ملللىمېتر. قوپالراق بېسىلغان، چوڭ- كىچىكلىك ئۆلچىمى تەكشى ئەمەس. ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى. مالىيە نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى: مەزكۇر پۇلنىڭ ھەر بىرى ئۈچ سەر كۈمۈشكە، ھەر بىر سەرى 400 قىزىل داچەنگە باراۋەر. پۇقرالار ئاشلىق ۋە باشقا باج، ھۆكۈمەت پۇللىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە تامامەن بولىدۇ. ئەگەر ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىڭلار دەپ ئۇشبۇ ئۇقتۇرۇش چىقىرىلدى، مىنگونىڭ 21- يىلى، ئاي، كۈن». خەنزۇچە ئۇقتۇرۇشنىڭ ئۈستىگە مالىيە نازارىتىنىڭ چوڭ تامغىسى بېسىلغان.

• 488. بەش سەر كۈمۈشكە تەڭ ئۆلكە پۇلى، مىنگونىڭ 21- يىلى (1932) ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەدە بېسىلغان. بەيياڭ قەغىزىدە ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت پۇلى. ئۆلچىمى 100 × 210 مىللىمېتر. قوپالراق بېسىلغان، چوڭ- كىچىكلىك ئۆلچىمى تەكشى ئەمەس. ئالدى- ئارقا تەرەپلىرىدىكى خەتلەر ئۈچ سەرلىك ئۆلكە پۇلى بىلەن ئوخشاش . پەقەت «ئۈچ» دېگەن خەت « بەش» دېگەن خەتكە ئۆزگەرتىلگەن.

• 489. ئون سەر كۈمۈشكە تەڭ ئۆلكە پۇلى، مىنگونىڭ 22- يىلى (1933) ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەدە بېسىلغان. بەيياڭ قەغىزىدە ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت پۇلى، ئۆلچىمى 100 × 200 ملللىمېتر. قوپالراق بېسىلغان، چوڭ- كىچىكلىك ئۆلچىمى تەكشى ئەمەس. بۇ پۇل مىنگونىڭ 21- يىلى تارقىتىلغان ئۈچ سەرلىك، بەش سەرلىك پۇللار بىلەن بىر تىپ، پەقەت رەڭگى بىلەن ئايرىم خەتلىرى ئازراق پەرقلىنىدۇ.

• 490. ئون سەر كۈمۈشكە تەڭ كىچىك تىپتىكى ئۆلكە پۇلى. مىنگونىڭ 23- يىلى (1934) ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەدە بېسىلغان. تېپىز داۋلىن قەغىزىدە ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت پۇلى. ئۆلچىمى 95 × 137 ملللىمېتر. چوڭ- كىچىكلىكى كۆچۈك سۈرەتلىك پۇل بىلەن ئوخشاش. ئارقا تەرىپىگە يېزىلغان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى چوڭ تىپتىكى ئون سەرلىك ئۆلكە پۇلىدىكى مەزمۇن بىلەن ئوخشاش. پەقەت «قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ» دېگەن سۆز «ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ۋاقتى ئۆزگەرتىلىپ «مىنگونىڭ 23- يىلى، ئاي، كۈن» دەپ يېزىلغان.

• 491. ئەللىك سەرلىك ئۆلكە پۇلى. مىنگونىڭ 22- يىلى باسمىسى. 1933- يىلى ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان، تېپىز داۋلىن قەغىزىدە ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت پۇلى. ئۆلچىمى 103 × 163 ملللىمېتر. قوپالراق بېسىلغان. چوڭ- كىچىكلىك ئۆلچىمى تەكشى ئەمەس. ئارقا تەرىپىگە يېزىلغان ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى مىنگونىڭ 22- يىلى چىقىرىلغان ئون سەرلىك چوڭ تىپتىكى ئۆلكە پۇلىنىڭكى بىلەن ئوخشاش. ئۇقتۇرۇشنىڭ ئۈستىگە چوڭ ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان.

• 492. ئەللىك سەرلىك ئۆلكە پۇلى، مىنگونىڭ 24- يىلى

(1935) باسمىسى، ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەدە بېسىلغان، نېپىز داۋلىن قەغىزىدە ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 97×145 مىللىمېتر. لېكىن چوڭ- كىچىكلىك ئۆلچىمى تەكشى ئەمەس، تېخىمۇ قوپال بېسىلغان. خەتلىرى، سۈرەت نۇسخىلىرى تۇتۇق. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە ئۈچ خىل يېزىقتا «ئەللىك سەر» دەپ يېزىلغان، خەنزۇچىسى ئوتتۇرىغا، ئۇيغۇرچىسى يۇقىرىغا، موڭغۇلچىسى ئاستىغا يېزىلغان. سول تەرىپىنىڭ ئاستىغا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ تامغىسى» دېگەن تامغا بېسىلغان. ئوڭ تەرىپىنىڭ چۆرىسىگە چاك تامغىسى بېسىلغان. ئارقا تەرىپىگە يېزىلغان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى مىنگونىڭ 22 - يىلى چىقىرىلغان ئەللىك سەرلىك ئۆلكە پۇلى بىلەن ئوخشاش. ئۇقتۇرۇشنىڭ ئۈستىگە قىزىل رەڭدە ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان.

• 493. ئەللىك سەرلىك ئۆلكە پۇلى، مىنگونىڭ 25- يىلى (1936) باسمىسى. ئۆلچىمى 103×140مىللىمېتر. بۇ پۇل مىنگونىڭ 24- يىلىدىكى باسمىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. پەقەت تېز ۋاقىت ئىچىدە كۆپلەپ بېسىلغانلىقتىن، سۈرەت نۇسخىلىرى، خەتلىرى ئىنتايىن تۇتۇق بولۇپ قالغان. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە يېزىلغان «ئەللىك سەر» دېگەن خەتلەرنى ئاران پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئارقا تەرىپىدىكى سۈرەت ۋە خەت نۇسخىلىرى تېخىمۇ تۇتۇق بولۇپ، پەرق ئېتىش تەس. پەقەت ئالدى تەرەپ سول تۆۋەن بۇرجىكىگە بېسىلغان كىچىك ھۆكۈمەت تامغىسى بىلەن ئارقا تەرىپىگە بېسىلغان چوڭ ھۆكۈمەت تامغىسىغا قاراپ ئۇنىڭ راست پۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

• 494. مىنگونىڭ 25- يىلى بېسىلغان قېلىپى مېڭىپ كەتكەن ئەللىك سەرلىك ئۆلكە پۇلى. ئۆلچىمى 101×141 مىللىمېتر. بۇ پۇل بازاردا ئوبوروت قىلىنغان. قېلىپى مېڭىپ كەتكەچكە ئالدى تەرىپىدىكى خەتلەر قوش چىقىپ قالغان، گۈللەرنىڭمۇ تۇتۇق ئىزلىرىلا قالغان، ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەرمۇ شۇنداق. قەغىزى نېپىز داۋلىن قەغىزىدىن يىرىك ئاق گېزىت قەغىزىگە ئۆزگەرتىلگەن. لېكىن ئالدى سول تەرىپىنىڭ تۆۋەنكى بۇرجىكىگە بېسىلغان كىچىك ھۆكۈمەت تامغىسى، ئوڭ تەرىپىنىڭ لېۋىگە بېسىلغان چاك تامغىسى ۋە ئارقا تەرىپىدىكى ئۇقتۇرۇشقا بېسىلغان چوڭ ھۆكۈمەت تامغىسى قاتارلىقلارنى تونۇغىلى بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ راست پۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇ پۇلنىڭ بېسىلىش سۈپىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، كېرەكسىز قەغەزدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. بۇ خىل ئەللىك سەرلىك ئۆلكە پۇلىنىڭ كۆرسى ئەينى ۋاقىتتا شۇ قەدەر چۈشكەنكى، بىرسىگە ئاران بىر نان كېلىدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا ئاۋام خەلق ئۇنى بىرسى بىر «دۇبەن» دەپ ئاتايدىغان بولغان («دۇبەن» شىڭ شىسەينىڭ ئەملى، بۇ پۇلنى شىڭ شىسەي تارقاتقان).

• 495. مىنگونىڭ 21- يىلى بېسىلغان ئەللىك سەرلىك ساختا ئۆلكە پۇلى. بۇ پۇل مىنگونىڭ 22- يىلى بېسىلغان ئەللىك سەرلىك ئۆلكە پۇلىنى ئۈرنەك قىلىپ ياسالغان بولۇپ، قەغەزىنىڭ سۈپىتى، رەڭدارلىقى، سۈرەت نۇسخىلىرى راست پۇلغا ناھايىتى ئوخشايدۇ. لېكىن خەنزۇچە خەتلەر خاتا يېزىلغانلىقتىن، پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ پۇلدىكى ئۈچ تامغا — ئالدى تەرىپىدىكى كىچىك ھۆكۈمەت تامغىسى، ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىدىكى چاك تامغىسى ۋە ئارقا تەرىپىدىكى ئۇقتۇرۇشقا بېسىلغان چوڭ ھۆكۈمەت تامغىسى راست پۇلنىڭكىگە سېلىشتۇرۇلسىلا چىقىپ قالىدۇ. ساختا پۇلدىكى كىچىك ھۆكۈمەت تامغىسى راست پۇلنىڭكىگە قارىغاندا كىچىك، ئۇزۇن چاسا كەلگەن. راست پۇلدىكى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ تامغىسى» دېگەن خەتلەر ناھايىتى ئوچۇق. ساختا پۇلدىكى خەتلەر ئەگرى- بۈگرى يېزىلغاچقا خەتكە ئوخشىمايدۇ، تونۇماقمۇ تەس. ئارقا تەرىپىدىكى تامغا ئوچۇق بېسىلغان، لېكىن خېتى خاتا يېزىلغانلىقتىن پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئالدى ئوڭ تەرىپىنىڭ لېۋىگە بېسىلغان چاك تامغىسىمۇ شۇنداق. بۇ خەتلەرنى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان خەنزۇ يېزىقىنى بىلمەيدىغانلار تەقلىد قىلىپ يازغان، بولمىسا نەدە بۇنداق قائىدىگە چۈشمەيدىغان خەت بولسۇن. يەنە راست پۇلدىكى ئۈچ ھۆكۈمەت تامغىسى قىزىل سۇرۇختا بېسىلغان. قەغەزگە سۇرۇخ مېيى سىڭىپ كەتكەن. ساختا پۇلدىكىسىگە قىزىل تاش تامغا بېسىلغان، رەڭ قەغەزگە سىڭمىگەن، ئىككىنچىدىن، بۇ ساختا پۇلغا مىنگونىڭ 21- يىلى ياسالغان دەپ يېزىلغان. ئۇ چاغدا قۇمۇلدا ئىچكى ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن، شىنجاڭدا پۇل پاخاللىقى پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، بازاردا پەقەت ئۈچ سەرلىك، بەش سەرلىك پۇللارلا ئوبوروت قىلىنغان. مىنگونىڭ 22- يىلى ئاندىن ئون سەرلىك، ئەللىك سەرلىك پۇللار چىقىرىلىشقا باشلىغان. دېمەك قەغەز پۇلنىڭ تارقىتىلىش ۋاقتىدىن تەكشۈرگەندە، مىنگونىڭ 21- يىلىدىكى ئەللىك سەرلىك ئۆلكە پۇلىنىڭ ساختا پۇل ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

• 496. مىنگونىڭ 24- يىلى بېسىلغان ئەللىك سەرلىك ساختا ئۆلكە پۇلى. بۇ پۇل مىنگونىڭ 24- يىلى بېسىلغان ئەللىك سەرلىك ئۆلكە پۇلىنى ئۈرنەك قىلىپ ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 97 ×145 مىللىمېتر. خەنزۇچە خەتلەر قىڭغىر، خاتا يېزىلغان. شۇنىڭدەك ئۈچ جايغا بېسىلغان ھۆكۈمەت تامغىسىدىكى چېتىپ قالغان جايلىرى يۇقىرىدا بايان قىلغان ساختا پۇل بىلەن ئوخشاش بولغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر چېنىپ قالغان يېرى شۇكى، ئارقا تەرىپىدىكى تۆت بۇلۇڭغا چۈشۈرۈلگەن يۇملاق ھالقا ئىچىدىكى ئەرەبچە «50» دېگەن رەقەم «05» بولۇپ يېزىلىپ قالغان (ئىلاۋە: بۇنىڭدىكى ئەرەبچە رەقەمنىڭ يېزىلىش تەرتىپى ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇرچە خەت يېزىش ئادىتى بويىچە يېزىلغان)، ھۆكۈمەت تارقاتقان راست پۇلدا بۇنداق يېزىش

ئادىتى زادى كۆرۈلگەن ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ ساختا پۇل ئىكەنلىكى ئېنىق.

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل يالغان پۇل نېمە ئۈچۈن راست پۇلغا ئارىلىشىپ، بىر ۋاقىتتا سېزىلمەي ئوبوروت قىلىنىدۇ ؟ شۇ چاغدا ئەللىك سەرلىك ئۆلكە پۇلىنىڭ قىممىتى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ، بېسىلىش سانىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ، سۈپىتىمۇ بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قېلىپى مېگىپ كەتكەن. خەت ۋە گۈللىرىنىڭ سىزىقلىرى قوش چىقىپ قالغان ئەللىك سەرلىك ئۆلكە پۇلىنىڭ سۈپىتى ساختا پۇلنىڭكىگىمۇ يەتمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرسى چۈشۈپ، بىرسىگە ئاران بىر نان كېلىدىغان بولۇپ قالغان. ھۆكۈمەتمۇ قىممىتى ئۇنىڭدىن چوڭراق پۇللارنى چىقارمىغان. شۇ ۋاقىتتا ئاۋام خەلق «بىر دۆۋە پۇلغا ئاران بىر قاپ ئاماكا كېلىدۇ» دېيىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلققە نىسبەتەن پۇلنىڭ راست- يالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان، ھۆكۈمەتمۇ ساختا پۇللارنى تېپىپ چىقىش يولىدا ئىزدەنمىگەن.

. 497. مىنگونىڭ 6 - يىلى چىقىرىلغان ئۈرۈمچىنىڭ بىر سەرلىك كۈمۈش يارچىنى . ئارقا تەرەپ يۇقىرى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈل چۈشۈرۈلگەن . 1917 - يىلى ئۈرۈمچى كۈمۈش پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇيدۇرغان. دىئامېتىرى 39.7 مىللىمېتىر ، قېلىنلىقى 3 مىللىمېتىر ، ئېغىرلىقى 35.1 گرام . ئالدى تەرەپتىكى ئىچكى چەمبەرگە خەنزۇچە «بىر سەر» دېگەن خەت يېزىلغان ، ئۇنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «كۈمۈش يارچەن » دەپ يېزىلغان . ئارقا تەرىپىدىكى ئىچكى چەمبەرگە ئۇيغۇرچە «بىر سەر ، ئۈرۈمچى» دەپ يېزىلغان .

. 498. مىنگونىڭ 6 - يىلى چىقىرىلغان ئۈرۈمچىنىڭ بىر سەرلىك كۈمۈش يارچىنى . ئارقا تەرەپ يۇقىرى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن ، بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن پەقەت قېلىپىلا ئوخشىمايدۇ .

. 499. مىنگونىڭ 7 - يىلى چىقىرىلغان ئۈرۈمچىنىڭ بىر سەرلىك كۈمۈش يارچىنى . 1918- يىلى ئۈرۈمچى كۈمۈش پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇيدۇرغان . دىئامېتىرى 39.7 مىللىمېتىر ، قېلىنلىقى 3 مىللىمېتىر ، ئېغىرلىقى 35.2 گرام . بۇ پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر جۈپ بۇغداي باشقىنىڭ نۇسخىسى مىنگونىڭ 6 - يىلى چىقىرىلغىنىغا ئوخشىمايدۇ ، شۇنىڭدەك ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «6 - يىلى » دېگەن سۆز «7 - يىلى » دېگەنگە ئۆزگەرتىلگەن . باشقا جايلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش .

. 500. ئون داچەنلىك شىنجاڭ تۇڭباۋ مىس پۇلى ، خەنزۇچە باۋ خېتى «新» بىلەن يېزىلغان ، ئۈرۈمچى كۈمۈش پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇيدۇرغان . ۋاقتى تەخمىنەن مىنگونىڭ 1 — 2 - (1912 — 1913) يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ . دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر ، ئېغىرلىقى 17.1 گرام . ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەش ياپراقلىق بىر مېخۇا گۈلى چۈشۈرۈلگەن . ئارقا تەرىپىگە بەش يوللۇق بىر جۈپ بايراق چۈشۈرۈلگەن ، 1 - ، 3 - ، 5 - يوللىرىدا بەشتىن كىچىك ھالقا شەكلى بار ، 2 - ، 4 - يوللىرىغا ئۆتاشما گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن . ئوتتۇرىسىدا بايراق دەستىسى بولۇپ ، يۇقىرىسىدا نەيزىسى ، ئاستىدا دەستە قوزۇقى بار .

. 501. ئون داچەنلىك شىنجاڭ تۇڭباۋ مىس پۇلى ، يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى ، خەنزۇچە باۋ خېتى «新» بىلەن يېزىلغان .

. 502. يىگىرمە داچەنلىك شىنجاڭ تۇڭباۋ مىس پۇلى ، قۇيۇلغان ۋاقتى بىلەن جايى ئون داچەنلىك پۇل بىلەن ئوخشاش . دىئامېتىرى 39 مىللىمېتىر ، ئېغىرلىقى 27.5 گرام . ئالدى - ئارقا تەرىپىدىكى خەت ۋە سۈرەت نۇسخىلىرى ئون داچەنلىك پۇل بىلەن ئوخشاش . پەقەت ئالدى تەرىپىدىكى «ئون داچەنلىك » دېگەن سۆز «يىگىرمە داچەنلىك » دەپ ئۆزگەرتىلگەن . ئوتتۇرىسىدىكى گۈل سەككىز ياپراقلىق كىچىك گۈلگە ئۆزگەرتىلگەن . بۇ خىل پۇلنىڭ بەزىلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار .

. 503. ئۈرۈمچىنىڭ ئون داچەنلىك «جىسى يىلى» مىس پۇلى ، 1929 - يىلى (مىنگونىڭ 18 - يىلى ، يەنى جىسى يىلى ) ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان . دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 13.5 گرام . ئالدى تەرىپىگە پۈتۈنلەي خەنزۇچە خەت يېزىلغان ، ئوتتۇرىسىغا كۆپ ياپراقلىق كىچىك گۈل چۈشۈرۈلگەن . سىرتقى چەمبەرنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە «جىسى يىلى » دېگەن خەت يېزىلغان . ئارقا تەرىپىگە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ پارتىيە ، دۆلەت بايرىقى گىرەلەشتۈرۈپ چۈشۈرۈلگەن . دۆلەت بايرىقى سول تەرەپكە ، پارتىيە بايرىقى ئوڭ تەرەپكە جايلاشتۇرۇلغان ، بايراققا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش چۈشۈرۈلگەن ، قۇياشقا 12 بۇرجەك چىقىرىلغان ، ئىككى بايراق ئالماشقا جايدا بايراق دەستىسى بولۇپ ، ئۇنىڭغا تۆۋەنگە قارىتىلغان چەمبەرلىك يۆت چىقىرىلغان ، ئاستىدا دەستە قوزۇقى بار . دەستىنىڭ بېشى ئۈچ بۇرجەكلىك قىلىپ چىقىرىلغان . بۇ پۇلنىڭ ئېغىرلىقى مىنگونىڭ دەسلىپىدە ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان مىس پۇللاردىن يېنىك .

. 504. ئۈرۈمچىنىڭ يىگىرمە داچەنلىك «جىسى يىلى » مىس پۇلى ، دىئامېتىرى 35 مىللىمېتىر ، ئېغىرلىقى 16.5 گرام . ئالدى - ئارقا تەرىپىدىكى خەت ۋە سۈرەت نۇسخىلىرى 10 داچەنلىك پۇل بىلەن ئوخشاش ، پەقەت ئالدى تەرىپىدىكى «ئون داچەنلىك» دېگەن سۆز «يىگىرمە داچەنلىك» دەپ ئۆزگەرتىلگەن . ئوتتۇرىسىدا گۈل نۇسخىسى يوق .

. 505. ئۈرۈمچىنىڭ ئون داچەنلىك« گېڭۋۇ يىلى » مىس پۇلى ، سىرتقى چەمبەردىكى خەنزۇچە خەتلەر ھالقىسىمان يېزىلغان ، ئىككى بايراقنىڭ چۆرىسى دولقۇنلۇق ئېلىنغان . دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر ، ئېغىرلىقى 13 گرام . ئالدى تەرەپ

سىرتقى چەمبەردىكى خەنزۇچە خەتلەر تەتۈر يۆنىلىشتە ھالقىسىمان شەكىلدە «گېڭگۇۋ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە شەھىرىدە ئىشلەندى، ئون داچەنلىك» دەپ يېزىلغان، ئوتتۇرىسىدا بەش ياپراقلىق قارىغۇرۇك چېچىكى بار. ئارقا تەرىپىگە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ پارتىيە، دۆلەت بايرىقى گىرەلەشتۈرۈپ چۈشۈرۈلگەن. پارتىيە بايرىقى سول تەرەپكە، دۆلەت بايرىقى ئوڭ تەرەپكە جايلاشتۇرۇلغان. بايراق يۈزى چوڭ، چۆرىسى دولقۇنلۇق ئىشلەنگەن. بايراقتا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش چۈشۈرۈلگەن، قۇياش نۇرى ئۇزۇن - قىسقا بولۇپ 12 بۇرجەك بىلەنلا چەكلەنمىگەن. ئوتتۇرىسىدا بايراق دەستىسى بار. ئىككى بايراقنىڭ كېسىشكەن يېرى شەلپەر بىلەن تۇگۈلگەن. شەلپەرنىڭ ئۇچى ئىككى تەرەپكە چۈشكەن. بايراق دەستىسىنىڭ ئۇچىدا نەيزىسى بار، تۆۋىنىدا يۇمىلاق ئۇل تاش بار. مەزكۇر پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ يېزىلىش شەكلى يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدۇ، پۇلنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، شىنجاڭ مىس پۇللىرىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

506. ئۈرۈمچىنىڭ 20 داچەنلىك گېڭگۇۋ يىلى مىس پۇلى، سىرتقى چەمبەردىكى خەنزۇچە خەتلەر ھالقىسىمان يېزىلغان. ئىككى بايراقنىڭ چۆرىسى دولقۇنسىمان ئىشلەنگەن. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر يۈرۈش. ئېغىرلىقى 23.5 گرام.

507. ئۈرۈمچىنىڭ 20 داچەنلىك گېڭگۇۋ يىلى مىس پۇلى، سىرتقى چەمبەردىكى خەنزۇچە خەتلەر ھالقىسىمان يېزىلغان، ئىككى بايراقنىڭ چۆرىسى تۈز ئىشلەنگەن. دىئامېتىرى 35 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 26.7 گرام. ئالدى - ئارقا تەرىپىدىكى خەت نۇسخىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئون داچەنلىك پۇل بىلەن ئوخشاش. پەقەت «ئون داچەنلىك» دېگەن سۆز «يىگىرمە داچەنلىك» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئارقا تەرىپىدىكى بايراقنىڭ چۆرىسى تۈز ئىشلەنگەن، ئىككى بايراقنىڭ كېسىشكەن يېرى يەككە يوللۇق شەلپەر بىلەن چېگىلگەن، تۆۋەنگە ساڭگىلىغان ئىككى ئۇچىغا پوپۇك چىقىرىلغان. ئوتتۇرىسىدا بايراق دەستىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە نەقىشسىمان دەستە قوزىقى بار. بۇ پۇل ناھايىتى قېلىن قۇيۇلغان.

508. شىنجاڭنىڭ ئاقسۇدا ئىشلەنگەن ئون داچەنلىك مىس پۇلى، مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914) يەرلىك ئۇسۇلدا ماشىنىدا قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 17.7 گرام. ئالدى تەرىپىدىكى خەتلىرى قوم قېلىپ قۇيمىسىدىكى بىلەن ئوخشاش. لېكىن ئىچكى چەمبىرى بەك كىچىك، سىرتقى چەمبىرى ناھايىتى چوڭ، چۆرىسىدە چېچەكسىمان نەقىش بار، سىرتقى چەمبەردىكى خەنزۇچە خەتلەر ئارىلىق قويۇپ يېزىلغان. ئانچە چىرايلىق يېزىلمىغان. ئارقا تەرىپىنىڭ چۆرىسىدىمۇ چېچەكسىمان نەقىش بار، ئىككى بايراقنىڭ دەستىسى بار جايىدا بىر تال بالداق بولۇپ، ئۇ بايراق دەستىسىنى ئۆتكۈزىدىغان ئاق لاتىغا تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن. بايراق دەستىسىنىڭ تۆۋىنىدە ۋە كېسىشكەن جايىنىڭ ئۈستىدە بىردىن كىچىك ھالقا بار، دەستىنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق، يۇقىرىقىسىدىكى ئۇيغۇرچە «جۇڭخۇا مىنگو» دېگەن خەتلەر دۇم يېزىلغان بولۇپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئوقۇلىدۇ. تۆۋىنىگە ئۇيغۇرچە «ئون داچەنلىك مىس پۇل. 1332» دەپ يېزىلغان (ھىجرىيىنىڭ 1332- يىلى، مىلادى 1913 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 1914 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. مۇتلەق كۆپ ۋاقتى 1914 - يىلىغا، يەنى مىنگونىڭ 3 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ).

509. شىنجاڭنىڭ ئاقسۇدا ئىشلەنگەن ئون داچەنلىك مىس پۇلى، قوم قېلىپ قۇيمىسى، سىرتقى چەمبەردىكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ئىككى بېشى تۇتاشقان، ئارىلىق قويۇلماي زىچ يېزىلغان. ئاقسۇ شەھىرى مىس كانىغا يېقىن بولغانلىقتىن، ئۇ يەردە چىن سۇلالىسى كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنى تەسىس قىلغان ھەمدە «ئاقسۇ گۋاڭشۈي كۆمۈش پۇلى»نى قۇيدۇرغان. مەزكۇر مىس پۇل ئېرىتىپ قۇيۇش ئۇسۇلىدا قۇيۇلغان، ۋاقتى تەخمىنەن مىنگونىڭ 1 - 2 - يىللىرىغا (1912 — 1913) توغرا كېلىدۇ. دىئامېتىرى 30 — 33 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 5.6 — 17.7 گرام. ئۇنىڭ سىرتقى چوڭ - كىچىكلىكى، قېلىن - نېپىزلىكى، ئېغىرلىقى بىردەك ئەمەس، ئۇنىڭ يۇمىلاقلىقىمۇ تەكشى ئەمەس. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك چېكىت ياكى كىچىك ھالقا بار، سىرتقى چەمبەردىكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ئىككى بېشى تۇتاشقان. خەتلەر زىچ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە بەش يوللۇق ئىككى بايراق چىقىرىلغان بولۇپ، خېلىلا ئۆلچەملىك ئىشلەنگەن. يۇقىرىسىدىكى ئۇيغۇرچە «مىنگو» دېگەن خەت دۇم يېزىلغان، تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئوقۇلىدۇ. تۆۋىنىگە ئۇيغۇرچە يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە «ئون داچەن» دەپ يېزىلغان.

510. شىنجاڭنىڭ ئاقسۇدا ئىشلەنگەن ئون داچەنلىك مىس پۇلى، قوم قېلىپ قۇيمىسى، سىرتقى چەمبەردىكى خەنزۇچە خەتلەر ئارىلىق قويۇپ يېزىلغان. بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، خەتلەرنىڭ ئارىلىقى كەڭ، باشقا جايلىرى ئاساسەن ئوخشاش.

511. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ تارقىتىلمىغان ئون سەرلىك ۋاقىتلىق چېكى (نۇسخىسى). 1934 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئۈرۈمچىدە باستۇرغان، تارقىتىلمىغان. ئۆلچىمى 83×150 مىللىمېتىر، يېڭى پۇل شەكلىدە ئىشلەنگەن. ئاق داۋلىن قەغەزنىگە ياغاچ ئويما مەتبەدە قارا رەڭ بىلەن بېسىلغان، خەتلىرى ئىنتايىن ئاددىي يېزىلغان. ئۈستىگە خەنزۇچە «ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغان» دەپ يېزىلغان، ئۇنىڭ ئاستىغا خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا» دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرىسىغا ئۈرۈمچىدىكى قىزىل تاغ مۇنارىسى،

ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە راۋاقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن . سۈرەتنىڭ ئاستىغا خەنزۇچە «مەزكۇر چەككە مالىيە نازارىتىنىڭ خەزىنە پۇلى بېرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان . ئۇنىڭ ئاستىدا «جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23 - يىلى بېسىلدى» دېگەن خەتلەر بار . سۈرەتنىڭ ئىككى تەرىپىگە خەنزۇچە «ئون سەر» دەپ يېزىلغان . ئوڭ - سول تەرىپىدىكى جىيەك ئىچىدە خەنزۇچە «شىنجاڭ» دېگەن خەت بار . ئۇيغۇرچىسى يېزىلمىغان . ئارقا تەرىپى ئاق قالغان . مەزكۇر چەك ۋاقىتلىق پۇل بولۇپ ، نەق پۇل (ئۆلكە پۇلى) ئورنىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن چىقىرىلغان . لېكىن شۇ چاغدا ئۆلكىدە ئىچكى ئۇرۇش بولىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ، بازاردا ئومۇميۈزلۈك ئەللىك سەرلىك پۇللار خەجلەنگەن ، بۇ پۇللارنىڭ قىممىتى توختىماي چۈشكەن ، شۇڭا ئۆلكىلىك بانكا بۇ ئون سەرلىك ۋاقىتلىق چەكنى باستۇرغان بولسىمۇ ، ئۇنى بازارغا چىقىرىشقا ئامالسىز قالغان .

512. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ 500 سەرلىك ۋاقىتلىق چېكى (ئۆرنىكى) ، مەزكۇر پۇل چەك شەكلىدە تۈزۈلگەن ، ئاق داۋلىن قەغىزىگە مىخ مەتبەئەدە قارا رەڭدە بېسىلغان . سۈرەتلىرى ۋە نەقىشلىرى يوق ، ئارقا تەرىپى ئاق قالدۇرۇلغان . ئالدى تەرىپى توم ، ئىنچىكە ئىككى تال سىزىق بىلەن رامكىلانغان . يۇقىرى قىسمىغا خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دەپ يېزىلغان ، ئوتتۇرىسىغا يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە قارىتىپ «ئۆلكە پۇلى بەشيۈز سەر» دەپ ، ئوڭ يان تەرىپىگە «مەزكۇر چەككە مۇددىتى توشقاندا پۇل بېرىلىدۇ» دەپ ، سول يان تەرىپىگە «جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى» دەپ يېزىلغان . ئۇنىڭ ئاستىدا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باشلىقى» دېگەن خەتلەر بار ، ئوڭ تەرىپىنىڭ تۆۋەن بۇرجىكىدە ۋاقىتلىق چەك نومۇرىنىڭ ئورنى بار . ئىلاۋە: بۇ چەك بانكىنىڭ قەرەللىك چېكى بولۇپ ، چەككە «مىنگونىڭ 23 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى» دەپ يېزىلغان . مۇددىتى توشقاندا نەق پۇل بېرىلىدىغان (ئۆلكە پۇلى) بولغان . ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ، بۇ خىل 500 سەرلىك ۋاقىتلىق چەك مىنگونىڭ 23 - يىللىرى بازاردا بىر مەزگىل ئوبوروت قىلىنغان . دېمەك ، ئۇ ۋاقىتلىق پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن (ۋاقىتلىق چەك).

513. مىنگونىڭ 9 - يىلى بېيجىڭدا بېسىلغان 400 داچەنلىك قەشقەر پۇلى . 1920 - يىلى بېيجىڭ مالىيە مىنىسترلىكىنىڭ مەتبەئە ئىدارىسىدا بېسىلغان ، ئاق داۋلىن قەغىزىدە ئىشلىنىپ ، تاش مەتبەئەدە بېسىلغان ئۆلكە پۇلى ، ئۆلچىمى 224×114 مىللىمېتر . ئالدى سول تەرىپىنىڭ تۆۋىنىگە ئۇزۇن چاسا شەكىلدە كىچىك ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان ، ئۇنىڭغا خەنزۇچە «شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ خەزىنىسىدىن تارقىتىلدى» دەپ يېزىلغان . تۆۋەنكى يېرىمىنىڭ ئەڭ ئاستىدا بىر قۇر زىغىررەڭ ئۇششاق خەتلەر بار . ئوڭ تەرىپىنىڭ چۈرىسىگە خەنزۇچە «بېيجىڭ مالىيە مىنىسترلىكىنىڭ مەتبەئە ئىدارىسىدا ئىشلەنگەن» دەپ يېزىلغان . سول تەرىپىنىڭ چۈرىسىگە ئۇششاق خەتلەر بىلەن ئۇيغۇرچىسى يېزىلغان ، لېكىن خەت ئېنىق يېزىلغان . ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان . ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۆلكە باشلىقى ، مالىيە نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى : مەزكۇر ئۆلكە پۇلىنىڭ ھەر بىرسى 400 داچەن ، خۇنەن ئۆلچىمىدە بىر سەر كۈمۈشكە باراۋەر ، پۇقرالار ئاشلىق ۋە باشقا باج ، ھۆكۈمەت پۇللىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە تامامەن بولىدۇ . ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە ، چوقۇم قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ، مىنگونىڭ 9 - يىلى ، ئاي ، كۈن» . خەنزۇچىسىنىڭ ئۈستىگە «شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ تامغىسى» بېسىلغان . ئوڭ تەرىپىنىڭ چۈرىسىگە «شىنجاڭنىڭ قەغەز پۇلى» دېگەن چاك تامغىسى بېسىلغان . مەزكۇر پۇلنىڭ قەغىزى ۋە بېسىلىشى ناھايىتى سۈپەتلىك بولۇپ ، كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن ئەجدىھار سۈرەتلىك پۇلنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن تارقىتىلغان . پۇلنىڭ يۇقىرى قىسمىدا خەنزۇچە «مەخسۇس قەشقەر رايونىدا خەجلىنىدۇ» دېگەن خەتلەر بار . ئۇنىڭدىن كېيىن تارقىتىلغان ھەر خىل قەشقەر پۇللىرىنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق بەلگە قىلىنىپ ، شەكلى ئوخشاش ئۆلكە پۇلىدىن پەرقلەندۇرۇلگەن .

514. مىنگونىڭ 8 - يىلى بېيجىڭدا بېسىلغان 100 داچەنلىك تامغىلىق كىچىك ئۆلكە پۇلى ، 1919 - يىلى بېيجىڭ مالىيە مىنىسترلىكىنىڭ مەتبەئە ئىدارىسىدا بېسىلغان ، داۋلىن قەغىزىدە ئىشلىنىپ ، تاش مەتبەئەدە بېسىلغان ، كىچىك ئۆلكە پۇلى . ئۆلچىمى 70×123 مىللىمېتر . نەپىس ئىشلەنگەن . ئالدى يۈزىنىڭ ئوڭ - سول تەرەپ چۈرىسىنىڭ ئاق يېرىگە خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە «مەخسۇس قەشقەر رايونىدا خەجلىنىدۇ» دېگەن تامغا بېسىلغان . ئۈستى تەرىپىگە خەنزۇچە «شىنجاڭنىڭ قەغەز پۇلى» دېگەن چاك تامغىسى بېسىلغان . ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان . ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۆلكە باشلىقى ، مالىيە نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى : مەزكۇر ئۆلكە پۇلى 100 داچەنلىك ، خۇنەن ئۆلچىمىدە 2.5 مىسقال كۈمۈشكە باراۋەر . چوڭ ئۆلكە پۇلى بىلەن بىللە ئاشلىق ۋە باشقا باج پۇللىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە تامامەن بولىدۇ. ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە ، چوقۇم قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ . مىنگونىڭ 8 - يىلى ، ئاي ، كۈن » . ئۇقتۇرۇشنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلمىغان .

515. مىنگونىڭ 9 - يىلى بېيجىڭ باسمىسىنى ئۆرنەك قىلىپ ئۈرۈمچىدە بېسىلغان 400 داچەنلىك قەشقەر پۇلى ، 1920 - يىلى (مىنگونىڭ 9 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە سوۋېت چېگرىسىدىن چاررۇسىيىنىڭ بىر قىسىم يېڭىلگەن ئەسكەرلىرى شىنجاڭغا قېچىپ كىرىپ ، ھەممە يەردە جېدەل

چىقارغان . شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋالىيسى ياڭ زېڭشىن قوشۇن يۆتكەپ مۇداپىئە كۆرگەن ۋە قورشاپ توسقانلىقتىن ، ھەربىي خىراجەت ئېشىپ كەتكەن . بېيجىڭدا بېسىلغان ئۆلكە پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلى ئىشلىتىشكە يەتمەي قالغان . بېيجىڭدا باستۇراي دېسە ۋاقىت ئۆلگۈرمەيتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پۇلنى ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىدە مىنگونىڭ 9 - يىلى باسمىسىنى ئۆرنەك قىلىپ باستۇرغان . مەزكۇر پۇلنىڭ خەت ، شەكىل نۇسخىلىرى بېيجىڭدا بېسىلغىنى بىلەن ئوخشاش . لېكىن بېسىلىشى ئىنتايىن سۈپەتسىز بولۇپ ، خەتلىرى تۇتۇق ، رەڭمۇ بېيجىڭدا بېسىلغىنىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ .

• 516. مىنگونىڭ 19 - يىلى بېيجىڭ باسمىسىنى ئۆرنەك قىلىپ ئۈرۈمچىدە بېسىلغان 400 داچەنلىك قەشقەر پۇلى . مەزكۇر پۇل مىنگونىڭ 9 - يىلى بېيجىڭدا بېسىلغان قەشقەر پۇلى بىلەن ئوخشاش ، پەقەت ئالدى تەرىپىنىڭ چۆرىسىدىكى يېشىل رەڭ بىر قەدەر قېنىق . سول تەرىپىدىكى ۋاقىت قەرەلى ئۆزگەرتىلىپ «مىنگونىڭ 19 - يىلى ، ئاي ، كۈن» دەپ يېزىلغان . ئارقا تەرىپىدىكى خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇشنىڭ بېشى ئۆزگەرتىلىپ ، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ، مالىيە نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى» دەپ يېزىلغان ، ئاخىرىغا «مىنگونىڭ 19 - يىلى ، ئاي ، كۈن» دەپ يېزىلغان .

• 517. مىنگونىڭ 20 - يىلى بېيجىڭ باسمىسىنى ئۆرنەك قىلىپ ئۈرۈمچىدە بېسىلغان 400 داچەنلىك قەشقەر پۇلى . مەزكۇر پۇلنىڭ مىنگونىڭ 19 - يىلى بېسىلغان قەشقەر پۇلىغا ئوخشىمايدىغان يېرى ۋاقتى ئۆزگەرتىلىپ «مىنگونىڭ 20 - يىلى ، ئاي ، كۈن» دەپ يېزىلغان . بۇ ئىككى خىل قەشقەر پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئاستىدىكى باسما زاۋۇتىنىڭ ئىسمى ئۆزگەرتىلىپ «شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ پۇل بېسىش ئىدارىسىدا بېسىلدى» دەپ يېزىلغان .

• 518. مىنگونىڭ 21- يىلى ئۈرۈمچىدە بېسىلغان 100 داچەنلىك كىچىك قەشقەر پۇلى، 1932- يىلى ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان، نېپىز داۋلىن قەغىزىدە ئىشلەنگەن كىچىك ھۆكۈمەت پۇلى. ئۆلچىمى 70 × 122 مىللىمېتىر، ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى، مالىيە نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى: مەزكۇر كىچىك پۇل 100 داچەنگە باراۋەر، پۇقرالار ئاشلىق ۋە باشقا باج، ھۆكۈمەت پۇللىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە بولىدۇ. ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىڭلار. «مىنگونىڭ 21- يىلى، ئاي، كۈن». خەنزۇچىسىنىڭ ئۈستىگە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ تامغىسى» دېگەن چوڭ ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان، ئوڭ تەرىپىنىڭ ئاستىدىكى ئاق يەرگە «شىنجاڭنىڭ قەغەز پۇلى» دېگەن چاك تامغىسى بېسىلغان.

• 519. مىنگونىڭ 21- يىلى بېسىلغان ئۈچ سەرلىك قەشقەر پۇلى. 1932- يىلى ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان. ئاق داۋلىن قەغەزدە ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت پۇلى. ئۆلچىمى 96 × 154 مىللىمېتىر، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىزىل ئاغ ئېتىكىدىكى قىزىل راۋاقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. سۈرەتنىڭ ئاستىغا خەنزۇچە «قەشقەر، خوتەن رايونىدا خەجلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان. سۈرەتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە خەنزۇچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان، ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى، مالىيە نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى: مەزكۇر پۇلنىڭ ھەر بىرسى ئۈچ سەر، ھەر بىرى 400 داچەنگە باراۋەر. قەشقەر، خوتەن رايونىدا خەجلىنىدۇ، پۇقرالار ئاشلىق ۋە باشقا باج، ھۆكۈمەت پۇللىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە بولىدۇ. ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىڭلار». سول تەرىپىگە ئۇقتۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرچىسى يېزىلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان. ئوڭ تەرىپىنىڭ چۆرىسىگە چاك تامغىسى بېسىلغان.

• 520. مىنگونىڭ 21- يىلى بېسىلغان بەش سەرلىك قەشقەر پۇلى . 1932 - يىلى ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان . ئاق داۋلىن قەغەزدە ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت پۇلى . ئۆلچىمى 103 × 173 مىللىمېتىر، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگرى تاغ قارلىق بوغدا چوققىسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاستىغا خەنزۇچە «قەشقەر، خوتەن رايونىدا خەجلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان. سۈرەتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە خەنزۇچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان. ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى ئۈچ سەرلىك پۇلدىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. پەقەت بۇ پۇلغا بەش سەر دەپ يېزىلغان. يەنە ئاخىرىدىكى «ئۇنىڭدىن ساقلىنىڭلار» دېگەن سۆزدىن كېيىن «خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ يېزىلغان. سۈرەتنىڭ سول تەرىپىگە ئۇقتۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرچىسى يېزىلغان. سۈرەت ئۈستىگە چوڭ ھۆكۈمەت تامغىسى، ئوڭ تەرىپىنىڭ چۆرىسىگە چاك تامغىسى بېسىلغان.

• 521. مىنگونىڭ 23- يىلى بېسىلغان بەش سەرلىك قەشقەر پۇلى. 1934- يىلى ئۈرۈمچىدە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان، ئاق داۋلىن قەغەزدە ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت پۇلى. ئۆلچىمى 95 × 150 مىللىمېتىر. بېسىلىش سۈپىتى مىنگونىڭ 21- يىلى بېسىلغان پۇلنىڭكىدىن ناچار. ئالدى ئوڭ تەرىپىنىڭ لېۋىگە خەنزۇچە «شىنجاڭنىڭ قەغەز پۇلى» دېگەن چاك تامغىسى بېسىلغان. ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان، ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى 21- يىلى بېسىلغان پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش. ۋاقتى «مىنگونىڭ 23- يىلى، ئاي، كۈن» دېيىلگەن.

• 522. قەشقەرنىڭ بەش مىسقاللىق مىنگو ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى، يۈزىدە ئىككى بەش يۇلتۇزى بار، ھىجرىيە1331- يىلى قۇيۇلغان— 1913- يىلى (مىنگونىڭ 2 - يىلى ) قەشقەردە يەرلىك ئۇسۇلدا ماشىنىدا قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 32.8 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 1.9 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 15.2 گرام. ئالدى تەرىپى-

نىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك چېكىت بار، سىرتقى چەمبەرنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدە بىردىن كىچىك يۇلتۇز بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك ھالقا شەكلى بار. ئارقا تەرىپىگە بەش يوللۇق بىر جۈپ بايراق چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە «جۇڭخۇا مىنگو كوي 1331» (ھىجرىيە 1331 - يىلى مىلادى 1913 يىلىغا توغرا كېلىدۇ) دەپ يېزىلغان. ئاستىغا تۆۋەندىن يۇقۇرىغا «شاگىين ئۈچەن» (شىياگىين بەش مىسقال) دەپ يېزىلغان.

. 523. قەشقەرنىڭ بەش مىسقاللىق مىنگو ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى. يۈزىدە ئىككى دانە ئالتە ياپراقلىق گۈل بار. ھىجرىيە 1332 - يىلى- 1914 - يىلى (مىنگونىڭ 3 - يىلى) قەشقەردە قويۇلغان. دىئامېترى 33 مىللىمېتر، قېلىنلىقى 2.1 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 16.7 گرام. مەزكۇر پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ، (1) ئالدى يۈزىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدىكى ئىككى كىچىك يۇلتۇز گۈل نۇسخىسىغا ئۆزگەرتىلگەن(2) ئارقا تەرىپىدىكى ھىجرىيە 1332 - يىلىنىڭ «13» دېگەن ئىككى رەقىمى يۇقىرىغا، «32» دېگەن ئىككى رەقىمى تۆۋەنگە يېزىلغان.

. 524. قەشقەرنىڭ شەخسلەر قۇيغان بەش مىسقاللىق مىنگو ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى. خەنزۇچە «[illegible]» خېتىدە ئىككى «[ ]» بار.

. 525. قەشقەرنىڭ بەش مىسقاللىق مىنگو ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى. يۈزىدە ئىككى دانە ئالتە ياپراقلىق گۈل بار. ھىجرىيە 1334- يىلى قۇيۇلغان- 1916- يىلى (مىنگونىڭ 5- يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. مەزكۇر پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، (1) ھىجرىيە 1334- يىلى دېگەن تۆت ئەرەبچە رەقەم يۇقىرىغا يېزىلغان، بۇنىڭدىكى «133» بىر يەرگە، «4» ئايرىم يەرگە چۈشكەن.(2) تۆۋەن تەرىپىگە ئۇيغۇرچە تۆۋەندىن يۇقىرىغا «شياگىين بەش مىسقال» دەپ يېزىلغان.

. 526. قەشقەرنىڭ بەش مىسقاللىق مىنگو ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى. يۈزىدە ئىككى دانە نوتىلىق گۈل نۇسخىسى بار، 1914- يىلى (مىنگونىڭ 3- يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېترى 33.2 مىللىمېتر ، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتر ، ئېغىرلىقى 4. 16 گرام. بۇ پۇلنىڭ ھىجرىيە 1332- يىلى قۇيۇلغان، ئوتتۇرىسىدا بىر چېكىت پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، (1) ئالدى يۈزىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدىكى گۈل سەككىز چېكىتلىك ئىككى كىچىك گۈلى ۋە نوتىسى بار چوڭ گۈلگە ئۆزگەرتىلگەن،(2) پۇل ئوتتۇرىسىدا بىر سەككىز چېكىتلىك كىچىك گۈل بار، (3) ئارقا تەرىپىنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە «شياگىين بەش مىسقال» دەپ يېزىلغان.

. 527. قەشقەرنىڭ بەش مىسقاللىق مىنگو ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى. يۈزىدە ئىككى دانە نوتىلىق چوڭ گۈلى بار. خەنزۇچە «[illegible]» خېتىدە «[ ]» نىڭ ئاستىدا بىر قىسقا سىزىق يوق.

. 528. قەشقەرنىڭ بەش مىسقاللىق مىنگو ھەربىي تەمىنات كۈمۈش پۇلى. ئالدى يۈزىدە ئىككى دانە چوڭ گۈل بار. 1914- يىلى (مىنگونىڭ 3- يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، (1) ئالدى يۈزىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدىكى چوڭ گۈلنىڭ تۆت چېكىتلىك ئۈچ كىچىك گۈلى بار. ئاستىدا قۇنداق بار، (2) يۇقىرى- تۆۋەن تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە خەتنىڭ ئارىلىقىغا تۆت ئەرەبچە رەقەم چۈشۈرۈلگەندىن باشقا، بەزى جايلىرىدا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئ‍ىچىك مەخپىي گۈللەر بار.

. 529. قەشقەرنىڭ بىر بايراقلىق بەش داچەنلىك مىس پۇلى. ئېھتىمال 1912- يىلى (مىنگونىڭ 1- يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان بولسا كېرەك. دىئامېترى 28 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 6.7 گرام. ئارقا تەرىپىدە تۈز يېيىلغان بەش خىل رەڭلىك دۆلەت بايرىقى بار، بايراقنىڭ تۆت تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «جۇڭخۇا مىنگونىڭ بەش داچەنلىك مىس پۇلى، زەرب قەشقەر» (قەشقەردە ئىشلەنگەن) دېگەن ھالقىسمان خەت يېزىلغان. بۇ پۇل يەرلىك ئۇسۇلدا ماشىنىدا ئىشلەنگەنلىكتىن، پۈتۈكلىرى تازا ياخشى بېسىپ چىقىرىلمىغان. شۇڭا ياخشى چىققانلىرى ئاز.

. 530. قەشقەرنىڭ بىر بايراقلىق ئون داچەنلىك مىس پۇلى. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر يۈرۈش. دىئامېترى 33 مىللىمېتر، ئېغىرلىق 14.9 گرام.

. 531. قەشقەرنىڭ ئىككى بايراقلىق بەش داچەنلىك مىس پۇلى، 1913- يىلى (مىنگونىڭ 2- يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېترى 28 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 6.7 گرام، ئارقا تەرىپىدە ئىككى بايراقنىڭ بەش خىل رەڭدە تىك يۆلى بار. يۇقىرى قىسمىغا ئۇيغۇرچە (يۇقىرىدىن تۆۋەنگە) «قەشقەردە قۇيۇلغان» دەپ يېزىلغان، تۆۋەن قىسمىغا (يۇقىرىدىن تۆۋەنگە) «بەش داچەنلىك مىس پۇل، 1331» دەپ يېزىلغان، (ھىجرىيە 1331- يىلى مىلادى 1912- يىلى 12- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 1913- يىلى 11- ئاينىڭ 29- كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ).

. 532. قەشقەرنىڭ ئىككى بايراقلىق ئون داچەنلىك مىس پۇلى، 1913- 1916- يىللىرى (مىنگونىڭ 2- يىلىدىن 5- يىلىغىچە) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېترى 33 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 13.7— 15.1 گرام، ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە خەتلەر يۇقىرىدىكى بەش داچەنلىك پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش. پەقەت «بەش داچەنلىك» دېگەن يەرگە «ئون داچەنلىك» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا ئۇيغۇرچە (تۆۋەندىن يۇقىرىغا) «زەرب كاشغەر 1331» (قەشقەردە قۇيۇلغان) دەپ يېزىلغان (ھىجرىيە 1333- يىلى مىلادى 1915- يىلىغا توغرا كېلىدۇ.) «1333» دېگەن ئەرەبچە رەقەم يۇقىرى قىسمىنىڭ چۆرىسىگە يېزىلغان. تۆۋەن قىسمىدىكى ئۇيغۇرچىسى (تۆۋەندىن يۇقىرىغا) «ئون داچەنلىك پۇل» دەپ يېزىلغان.

«مىس» دېگەن سۆز يېزىلمىغان، يۇقىرى ـ تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە خەتنىڭ ئەتراپىدا گۈل ھالقىسى بار. بايراق دەستىلىرىنىڭ ئۇچىدا بايراق پوپۇكى بار. بۇ خىل پۇلنىڭ كۆپىنچىسىدە بايراق دەستىسىنىڭ پوپۇكى يوق، ئۇيغۇرچىسىنىڭ گۈل ھالقىسى يوق. تۆۋەن قىسمىغا يېزىلغان ئۇيغۇرچىسىدە «مىس» دېگەن سۆز بار. بۇ قېلىپتىكى پۇل قەشقەردە بايراق ئۆزگەرتىلگەنگە قەدەر ئىشلىتىلگەن.

. 533. قەشقەرنىڭ خۇڭشيەن مىس پۇلى. 1916 ـ يىلى (مىنگونىڭ 5 ـ يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 14.1 – 17 گىرام. ئالدى ـ ئارقا تەرىپىدىكى سۈرەت ۋە خەتلەرنىڭ لايىھىلىنىشى «قەشقەرنىڭ ئىككى بايراقلىق ئون داچەنلىك مىس پۇلى» بىلەن ئوخشاش. پەقەت ئالدى تەرەپ ئىچكى چەمبەردىكى خەنزۇچە «جۇڭخۇا مىنگو» دېگەن سۆز «خۇڭشيەن مىس پۇلى» دېگەنگە ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭدەك سىرتقى چەمبەرنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى خەنزۇچە «مىس پۇل» دېگەن خەتلەر ئېلىپ تاشلانغان. ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا ئۇيغۇرچە (يۇقىرىدىن تۆۋەنگە) «قەشقەردە قويۇلغان، 1334» (ھىجرىيە 1334 ـ يىلى مىلادى 1916 ـ يىل) دەپ يېزىلغان. تۆۋەن قىسمىغا (تۆۋەندىن يۇقۇرىغا) «ئون داچەنلىك مىس پۇل» دەپ يېزىلغان.

. 534. قەشقەردە قۇيۇلغان بىڭچېن يىلى مىس پۇلى، 1916 ـ يىلى (مىنگونىڭ 5 ـ يىلى، يەنى بىڭچېن يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر. بۇ پۇلنىڭ قېلىپى پۈتۈنلەي «قەشقەرنىڭ ئىككى بايراقلىق ئون داچەنلىك مىس پۇلى» نىڭ قېلىپى بىلەن بىر. پەقەت ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «新疆» خېتىنىڭ ئورنىغا «丙辰» خېتى ئالماشتۇرۇلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرقى قىسمىغا ئۇيغۇرچە (يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە) «قەشقەردە قۇيۇلغان، 1334» دەپ يېزىلغان (ھىجرىيە 1334 ـ يىلى مىلادى 1916 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ). تۆۋەن قىسمىغا (يۇقىرىدىن تۆۋەنگە) «ئون داچەنلىك مىس پۇل» دەپ يېزىلغان. بايراق دەستىسىدە پوپۇك يوق.

. 535. قەشقەردە قۇيۇلغان مىنگونىڭ ئون داچەنلىك مىس پۇلى. 1922 ـ يىلى (مىنگونىڭ 11 ـ يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان، دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 14.3 – 14.6 گىرام. «قەشقەردە قۇيۇلغان مىنگونىڭ 11 ـ يىلدىكى ئون داچەنلىك مىس پۇل»غا قارىغاندا، بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە خەتلەردە پەرق چوڭراق؛ ئىچكى چەمبەردىكىسى «مىنگو مىس پۇلى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، سىرتقى چەمبەردىكىسى «شىنجاڭ قەشقەردە قۇيۇلغان ئون داچەنلىك پۇل» دېگەنگە ئۆزگەرتىلگەن، خەت يەنىلا ھالقىسمان يېزىلغان، لېكىن «ئون داچەنلىك» دېگەن سۆز يۇقىرىغا يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى گۈل ۋە خەتلەر ئۆزگەرمىگەن، ھىجرىيە يىلى يەنىلا 1340 ـ يىلى دەپ يېزىلغان. بۇ پۇل شىنجاڭغا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان دەۋردە، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قۇيۇلغان ئارقا تەرىپىدە ئىككى بايرىقى بار مىس پۇل.

. 536. قەشقەردە قۇيۇلغان مىنگونىڭ 10 ـ يىلدىكى ئون داچەنلىك مىس پۇل. 1921 ـ يىلى (مىنگونىڭ 10 ـ يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان، دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 14.3 گىرام. ئالدى تەرىپىدىكى سىرتقى چەمبەرگە خەنزۇچە «10 ـ يىلى شىنجاڭ قەشقەردە قۇيۇلغان، ئون داچەنلىك پۇل» دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرىسىدا بىر چېكىت بار. ئارقا تەرىپىدىكى ئىككى بايرىقىنىڭ نۇسخىسى، خەتلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، پەقەت ۋاقتىغا ھىجرىيە 1340 ـ يىلى يېزىلغان (مىنگونىڭ 10 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ھىجرىيە 1340 ـ يىلىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ). بەزى پۇللارغا ھىجرىيە 1339 ـ يىل يېزىلغان (مىنگونىڭ 10 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ھىجرىيە 1339 ـ يىلىغا كىرىدۇ).

. 537. قەشقەردە قۇيۇلغان مىنگونىڭ 10 ـ يىلدىكى ئون داچەنلىك مىس پۇل، «10 ـ يىلى» نىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئالتە چېكىتلىك بىر گۈل بار. بۇ پۇل يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر يىلدا قۇيۇلغان، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى سىرتقى چەمبەرگە خەنزۇچە خەتلەر ھالقىسمان يېزىلىپ «ئون داچەن» دېگەن سۆز بىلەن «10 ـ يىلى» دېگەن سۆز تۇتاشقان جايدا ئالتە چېكىتلىك بىر گۈل بار، ئۇ سۆزنىڭ باش ـ ئايىغىنى ئايرىش بەلگىسى قىلىنغان.

. 538. قەشقەردە قۇيۇلغان مىنگونىڭ 11 ـ يىلدىكى ئون داچەنلىك مىس پۇل. 1922 ـ يىلى (مىنگونىڭ 11 ـ يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 14.2 گىرام. ئالدى تەرىپى سىرتقى چەمبەردىكى خەنزۇچە «10 ـ يىلى» دېگەن خەتكە خەنزۇچە «بىر» (一) خېتى قوشۇلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك چېكىت يوق، باشقا جايلىرى ئوخشاش. ھىجرىيە يىلى يەنىلا 1340 ـ يىل يېزىلغان. (مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت يەنىلا ھىجرىيە 1340 ـ يىلىغا كىرىدۇ).

. 539. قەشقەردە قۇيۇلغان مىنگونىڭ 11 ـ يىلدىكى ئون داچەنلىك مىس پۇل. 1922 ـ يىلى (مىنگونىڭ 11 ـ يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 14.9 گىرام. مەزكۇر پۇلنى «مىنگونىڭ 10 ـ يىلدىكى مىس پۇل»غا سېلىشتۇرغاندا، «10 ـ يىل» دېگەن سۆز «11 ـ يىل» دېگەنگە ئۆزگەرتىلگەن، خەنزۇچە «喀什造» دېگەن سۆز «喀造» دەپ يېزىلغان. خەنزۇچە خەت سانىدا ئۆزگىرىش يوق. پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك چېكىت بار، ئارقا تەرىپىدىكى ئىككى بايراق بىلەن ئۇيغۇرچە خەتلىرى «11 ـ يىلدىكى مىس پۇل» بىلەن ئوخشاش. خاتىرلەنگەن يىلىمۇ ئوخشاش.

. 540. قەشقەردە شەخسلەر قۇيغان مىنگونىڭ 11 ـ يىلدىكى ئون داچەنلىك مىس پۇل. دىئامېتىرى 31 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى

9.85 گرام. هۆكۈمەت پۇلغا قارىغاندا ھەم نېپىز، ھەم يېنىك، كىچىكرەك قۇيۇلغان. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ يېزىلىشى ناچار، خەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تەكشى ئەمەس، ئەگرى- توقاي، يېزىلىشى خاتا. روشەنكى، بۇنى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان خەنزۇچە خەتنى بىلمەيدىغانلار تەقلىد قىلىپ يازغان. ئىچكى چەمبەردىكى خەنزۇچە «جۇڭخۇا مىنگو» دېگەن سۆز «جۇڭخۇا گومىن» دەپ خاتا يېزىلغان ھەمدە «民» خېتىنىڭ سول تەرىپىگە بىر تىك سىزىق ئارتۇق تارتىلىپ، خاتا خەتكە ئايلىنىپ قالغان. سىرتقى چەمبەردىكى خەنزۇچە خەتلەر ھالقىسىمان يېزىلىپ، باش- ئايىغى تۇتاشقان، ئەسلىدە ئوقۇشقا ئاسان بولسۇن دەپ بىر كىچىك گۈل ئايرىش بەلگىسى قىلىنغان. لېكىن بۇ پۇلدا سەككىز چېكىتلىك كىچىك گۈل خاتا ھالدا خەنزۇچە «一» خېتى بىلەن «千» خېتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلۇپ قالغان. ئارقا تەرىپىدىكى بايراق نۇسخىسى بىلەن ئۇيغۇرچە خەتلەر هۆكۈمەت پۇلىدىكىگە قارىغاندا سەت يېزىلغان. شەخسلەر قۇيغان پۇلنىڭ بىرقانچە تۈرى بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى راست پۇلغا ئارىلىشىپ بازاردا ئوبوروت قىلىنغان. دىققەت قىلىپ پەرقلەندۈرمىسە ئادەتتە سېزىلگۈلىكى بولمايدۇ.

• 541. قەشقەردە شەخسلەر قۇيغان مىنگونىڭ 11- يىلىدىكى ئون داچەنلىك مىس پۇل. بەش خىل رەڭلىك بىر جۈپ بايراقنىڭ بىرسى تىك يوللۇق، بىرسى توغرا يوللۇق.

• 542. قەشقەردە شەخسلەر قۇيغان مىنگونىڭ 11- يىلىدىكى ئون داچەنلىك مىس پۇل. ئارقا تەرىپىگە گومىنداڭنىڭ بىر جۈپ بايرىقى گىرەلەشتۈرۈلۈپ چۈشۈرۈلگەن. مىنگونىڭ 17- يىلى (1928- يىلى) 7- ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ياڭ زېڭشىن نەنجىڭغا تېلېگرامما يوللاپ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، شۇڭا شىنجاڭ مىس پۇلىنىڭ ئارقا تەرىپىگە گومىنداڭنىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن پارتىيە بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ۋاقىت ھەرگىز مەزكۇر كۈندىن ئىلگىرى بولمىغان. بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىگە «جۇڭخۇا مىنگونىڭ 11- يىلى» دەپ ئېنىق يېزىلغان، بۇ يەردىكى زىددىيەت ناھايىتى روشەن، بۇنىڭ شەخسلەر قۇيغان، ئويدۇرۇپ ياسالغان پۇل ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. يەنى بۇ پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قوش بايراق نۇسخىسى قەشقەردە قۇيۇلغان ئىككى بايراقلىق جىسى يىلىدىكى مىس پۇلدىن ئېلىنغان، شۇڭا بۇ پۇل 1929- يىلدىن كېيىن قۇيۇلغان بولۇشى كېرەك.

• 543. قەشقەردە قۇيۇلغان ۋۇچېن يىلىدىكى «مىنگو مىس پۇلى»، 1928- يىلى (مىنگونىڭ 17- يىلى، يەنى ۋۇچېن يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 31 مىللىمېتىر. بۇ پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى چوڭ 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇزنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۇششاق يوللىرى بار، يۇلتۇزنىڭ ئوتتۇرىسىدا خەنزۇچە «قۇياش» (日) خېتى بار.

• 544. قەشقەردە قۇيۇلغان ۋۇچېن يىلىدىكى مىنگو مىس پۇلى. 1928- يىلى (مىنگونىڭ 17- يىلى يەنى ۋۇچېن يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 31 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىدىكى ئىككى چەمبەرگە خەنزۇچە «مىنگو مىس پۇلى» دەپ يېزىلغان، «民» خېتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىلمەكلىك سىزىقى ئۇزۇن تارتىلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك چېكىت بار. ئارقا تەرىپىدە 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇز بار. يۇلتۇزنىڭ ئىچىگە ئۇيغۇرچە (تۆۋەندىن يۇقىرىغا) «ئون داچەنلىك مىس پۇل، 1346» دەپ يېزىلغان. (ھىجرىيە 1346- يىلى مىلادى 1928- يىلغا توغرا كېلىدۇ). ئىلاۋە: بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىگە «ۋۇچېن» يىلى يېزىلغان، ئارقا تەرىپىگە يېزىلغان ھىجرىيە 1346- يىلى مىلادى 1928- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 19- كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت بىلەن چەكلىنىدۇ. لېكىن شىنجاڭدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بايرىقى شۇ يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ ئېسىلغان، 7- ئاينىڭ 7- كۈنى ياڭ زېڭشىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن جىن شۇرېن تەختكە چىققان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ پۇلنى جىن شۇرېن قۇيدۇرغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ۋاقىت مىس پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بەش خىل رەڭلىك بايراقنى گومىنداڭنىڭ پارتىيە گىربى بولغان 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇزغا ئۆزگەرتىش باشلانغان ۋاقىتتۇر.

• 545. قەشقەردە قۇيۇلغان ۋۇچېن يىلىدىكى جۇڭخۇا مىنگو مىس پۇلى. «戊辰(ۋۇچېن)» دېگەن ئىككى خەت يانتۇ جايلاشقان. ئارقا تەرىپىدىكى 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇزنىڭ ئىچىگە خەنزۇچە «مىس پۇل» دەپ يېزىلغان. دىئامېتىر 31 مىللىمېتىر. 1928- يىلى (مىنگونىڭ 17- يىلى، يەنى ۋۇچېن يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، (1) ئالدى تەرەپ ئىچكى چەمبەردىكى سۆز «جۇڭخۇا مىنگو» غا ئۆزگەرتىلگەن، سىرتقى چەمبەرنىڭ يۇقىرىسىدىكى «شىنجاڭ ئۆلكىسى» دېگەن سۆز «شىنجاڭ»غا ئۆزگەرتىلگەن؛ (2) ئارقا تەرىپىدىكى 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇزنىڭ بۇرجەكلىرىنىڭ ئىچى ئاق قالدۇرۇلغان، يۇلتۇزنىڭ ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە «مىس پۇل» دەپ يېزىلغان، «مىس پۇل» دېگەن ئىككى خەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چېكىت قويۇلغان. بۇ پۇلنىڭ ئالدى- ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت يوق.

• 546. قەشقەردە قۇيۇلغان ۋۇچېن يىلىدىكى جۇڭخۇا مىنگو مىس پۇلى. خەنزۇچە «戊辰(ۋۇچېن)» دېگەن ئىككى خەت تۈز يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇزنىڭ ئىچىگە خەنزۇچە «مىس پۇل» دەپ يېزىلغان. دىئامېتىرى 31 مىللىمېتىر. بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرەپ ئىچكى چەمبەردىكى خەنزۇچە «戊辰(ۋۇچېن)» دېگەن ئىككى خەت تۆۋەنگە سۈرۈلۈپ تۈز يېزىلغان بولۇپ، ئۈستى ۋە

ئاستىدىكى خەتلەر بىلەن تولۇقلانغان. ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەر ئوخشاش.

. 547. قەشقەردە قۇيۇلغان جىسى يىلىدىكى ئارقا تەرىپىدىكى 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇز ئىچىگە «مىس پۇل» دەپ يېزىلغان پۇل. 1929- يىلى (مىنگونىڭ 18- يىلى يەنى جىسى يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 31 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 14 گرام. بۇ پۇل يۇقىرىدىكى «戊辰» خېتى تۈز يېزىلغان پۇل بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. پەقەت «戊辰» خېتىنىڭ ئورنىغا «己巳» خېتى ئالماشقان. ئارقا تەرىپىدىكى كىچىك چېكىت سەككىز بۇرجەكلىك يۇلتۇزغا ئالماشقان، ئارقىسىدىكى خەتلىرى ئوخشاش.

. 548. قەشقەردە قۇيۇلغان جىسى يىلىدىكى ئارقا تەرىپىدىكى 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇزنىڭ ئىچىگە «مىس پۇل» دەپ يېزىلغان پۇل 1929- يىلى (مىنگونىڭ 18- يىلى، يەنى جىسى يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 31 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 13.7 گرام. بۇ پۇل يۇقىرىدىكى قەشقەردە قۇيۇلغان، ئارقا تەرىپىدە «مىس پۇل» دېگەن خېتى بار پۇل بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. پەقەت «新疆喀造» دېگەن تۆت خەتكە يەنە بىر خەت قوشۇلۇپ «新疆喀什造» دېگەن بەش خەت يېزىلغان.

. 549. قەشقەردە قۇيۇلغان جىسى يىلىدىكى قوش بايراقلىق مىس پۇل. دۆلەت بايرىقى سول تەرەپتە. 1929- يىلى (مىنگونىڭ 18- يىلى يەنى جىسى يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 31 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 13.1 گرام. بۇ پۇلنى يۇقىرىدىكى پۇلغا سېلىشتۇرغاندا، ئالدى تەرىپىدىكى خەتلەر ئوخشاش، ئارقا تەرىپىگە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ پارتىيە بايرىقى ، دۆلەت بايرىقى گىرەلەشتۈرۈلۈپ چۈشۈرۈلگەن، دۆلەت بايرىقى سول تەرەپكە جايلاشقان. ئوتتۇرىسىدا بىر بايراق دەستىسى بار، ئىككى بايراق دەستىسىنىڭ كېسىشكەن جايىغا شەلپەر چىگىلگەن، ھەمدە ئۇنىڭ ئىككى ئۇچى تۆۋەنگە ساڭگىلىتىلغان. بايراق دەستىسىنىڭ ئۇچىدا ئۈچ بۇرجەكلىك قالپاق، تېگىدە سۇپىسى بار. بايراق دەستىسىنىڭ يۇقىرى ئۇڭ- سول تەرىپىدە خەنزۇچە «مىس پۇل» دېگەن خەت بار، ئىككى بايراق گىرەلەشتۈرۈلۈپ چۈشۈرۈلگەن بۇنداق پۇل ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان جىسى يىلىدىكى قوش بايراقلىق مىس پۇلغا تەقلىد قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئادەت بولۇپ قېلىپ، ئۆزگەرمىگەن. لېكىن قەشقەردە قۇيۇلغان مىس پۇللاردا 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇز بار، ئۈرۈمچىدە قۇيۇلغان پۇللاردا تۆت تەرەپكە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش بار.

. 550. قەشقەردە قۇيۇلغان جىسى يىلىدىكى قوش بايراقلىق مىس پۇل. دۆلەت بايرىقى ئوڭ تەرەپتە. دىئامېتىرى 31 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 13.8 گرام. يۇقىرىدىكى قەشقەردە قۇيۇلغان دۆلەت بايرىقى سول تەرەپتىكى پۇل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەقەت دۆلەت بايرىقى بىلەن پارتىيە بايرىقىنىڭ ئورنى ئالماشقان. باشقا جايلىرى ئوخشاش.

. 551. قەشقەردە قۇيۇلغان گېڭۋۇ يىلىدىكى قوش بايراقلىق مىس پۇل. دۆلەت بايرىقى سول تەرەپتە. 1930- يىلى (مىنگونىڭ 19- يىلى يەنى گېڭۋۇ يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 31 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 14.1 گرام. بۇ پۇل قەشقەردە قۇيۇلغان دۆلەت بايرىقى سول تەرەپتىكى پۇل بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، پەقەت «己巳» دېگەن خەتلەرنىڭ ئورنىغا «庚午» خەتلىرى ئالماشقان.

. 552. قەشقەردە قۇيۇلغان گېڭۋۇ يىلىدىكى قوش بايراقلىق مىس پۇل. دۆلەت بايرىقى ئوڭ تەرەپتە. دىئامېتىرى 31 مىللىمېتىر، بۇ پۇلنى قەشقەردە قۇيۇلغان دۆلەت بايرىقى ئوڭ تەرەپتىكى پۇل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەقەت «己巳» خەتلىرىنىڭ ئورنىغا «庚午» خەتلىرى ئالماشقان. باشقا جايلىرى ئوخشاش.

. 553. قەشقەردە قۇيۇلغان گۈييۇ يىلىدىكى قوش بايراقلىق مىس پۇل. 1933- يىلى (مىنگونىڭ 22- يىلى، يەنى گۈييۇ يىلى) قەشقەردە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 28— 30 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 7.1— 9.25 گرام. بۇ پۇلنىڭ ئالدى - ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەر قەشقەردە قۇيۇلغان گېڭۋۇ يىلىدىكى قوش بايراقلىق مىس پۇلنىڭ دۆلەت بايرىقى سول تەرەپتىكىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. پەقەت «庚午» خەتلىرىنىڭ ئورنىغا «癸酉» خەتلىرى ئالماشقان. سىرتقى چەمبەردىكى 12 خەنزۇچە خەت زىچ يېزىلغان، پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتە چېكىتلىك كىچىك گۈل بار. ئارقا تەرىپىدىكى 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇز 12 يول قىسقا نۇر سىزىقىغا ئۆزگەرتىلگەن. مەزكۇر پۇل مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاخىرقى قېتىم قۇيدۇرغان مىس پۇلى. چۈنكى شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى مىلىتارىستلار ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىپ، ئۇرۇش ئوتى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيگەنلىكتىن، قەشقەر رايونىدا مالىيە قىيىنچىلىقى كۆرۈلۈپ، پۇل پاخاللىقى سىياسىتىنى قوللىنىشقا توغرا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن مىس پۇل كىچىكلىتىلگەن (ئېغىرلىقىنىڭ يېرىمى كېمەيتىلگەن، چوڭ- كىچىكلىكىمۇ ئىچكىرىنىڭ ئون يارماقلىق مىس پۇلى بىلەن تەڭلىشىپ قالغان). كېيىن ئۇرۇش ئوتى كۈندىن- كۈنگە كېڭەيگەن، ھۆكۈمەتنىڭ قەغەز پۇلىمۇ (ئۆلكە پۇلى، قەشقەر پۇلى) بارغانسېرى كۆپىيىپ، كۆپەيگەنسېرى كۇرسى چۈشكەن، بازاردىكى تۈرلۈك قۇيما پۇللار شۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈنمەس بولغان.

. 554. ئالتاينىڭ بىر يۈەنلىك ئوبوروت چېكى. 1918- يىلى (مىنگونىڭ 7- يىلى) بېيجىڭدا بېسىلغان. شىنجاڭ ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمە مالىيە ئىدارىسى تارقاتقان. ئۆلچىمى 87 × 146 مىللىمېتىر، نەپىس بېسىلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ كۆرۈنۈشى ئې-

لىنىغان، ئىشىك ئالدىدىكى يولدا ئاتلىق مەپە، ۋېلسىپىت، رىكشا ۋە ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. سول تەرىپىگە خەنزۇچە «بىر يۈەن» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ ئاستىغا «مالىيە ئىدارىسى باستۇرغان» دېيىلگەن كىچىك ئۇزۇن چاسا تامغا بېسىلغان. ئوتتۇرىسىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا خەنزۇچە «ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمە مالىيە ئىدارىسى» دېگەن خەت يېزىلغان سوقىچاق تامغا بېسىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جەنزۇچە «ئالتاي مالىيە ئىدارىسىنىڭ تامغىسى» دېگەن خەت يېزىلغان چوڭ ئۇزۇن چاسا ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان. يۇقىرى گىرۋىكىگە ئالدى تەرىپىدىكىگە ئوخشاش سوقىچاق چاك تامغىسى بېسىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا يۇك قەلەم بىلەن چاك نومۇرى يېزىلغان.

• 555. ئالتاينىڭ بەش يۈەنلىك ئوبوروت چېكى. ئۆلچىمى 87 × 146 مىللىمېتىر. بۇ پۇلنىڭ بىر يۈەنلىك پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، (1) ئالدى ئوڭ تەرىپىنىڭ تۆۋەندىكى بۇرجىكىگە سۇس سۆسۈنە رەڭدە رۇسچە ئىمزا قويۇلغان، ئوتتۇرىسىغا چوڭ ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان. سول تەرىپىگە ۋە يۇقىرى قىسمىغا مالىيە ئىدارىسىنىڭ سوقىچاق چاك تامغىسى بېسىلغان ۋە يۇك قەلەمدە چاك نومۇرى يېزىلغان. (2) ئارقا تەرىپىدىكى خەنزۇچە «بەش يۈەن» دېگەن خەتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە سۇس سۆسۈنە رەڭدە مانجۇچە، سول تەرىپىگە قازاقچە «بەش يۈەن» دەپ يېزىلغان. باشقا تامغا يوق.

• 556. ئالتاينىڭ ئون يۈەنلىك ئوبوروت چېكى، ئۆلچىمى 102 × 160 مىللىمېتىر. ئالدى سول تەرىپىنىڭ تۆۋەنكى بۇرجىكىدە خەنزۇچە «مالىيە ئىدارىسىنىڭ تامغىسى» دېگەن خەت يېزىلغان كىچىك قىزىل تامغىدىن، ئوڭ تەرىپىنىڭ تۆۋەنكى بۇرجىكىدە سۇس سۆسۈنە رەڭدە رۇسچە ئىمزا قويۇلغاندىن تاشقىرى باشقا تامغا يوق. ئارقا تەرىپىدىكى خەنزۇچە «ئون يۈەن» دېگەن خەتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە سۇس سۆسۈنە رەڭدە مانجۇچە، سول تەرىپىگە قازاقچە «ئون يۈەن» دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرىسىغا چوڭ ئۇزۇن چاسا ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان. يۇقىرى گىرۋىكىگە مالىيە ئىدارىسىنىڭ سوقىچاق تامغىسى بېسىلغان ۋە يۇك قەلەمدە چاك نومۇرى يېزىلغان. ئىلاۋە: ئالتاينىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئالتاي ئوبوروت چېكى ئالتاينىڭ ئامبىلى تارقاتقان ۋاقىتلىق پۇل بولۇپ (شىنجاڭدا ۋاقىتلىق چەك دەپ ئاتالغان)، مەركەزدىن بىۋاستە بۆيرۇپ بېرىلىدىغان خىراجەت (كۆپىنچە جۇڭگو بانكىسى بىلەن قاتناش بانكىسىنىڭ پۇلى) ۋاقتىدا بۆيرۇپ بېرىلمىگەن چاغدا، ھەربىي تەمىنات ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلگەن، خىراجەت پۇل بۆيرۇپ بېرىلگەندە، ئىككى بانكىنىڭ پۇلىغا ئايرىۋاشلاپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى ئادەتتە بۆيرۇپ بېرىلىدىغان خىراجەت ئومۇمىي سوممىسى بىلەن چەكلەنگەن.

• 557. جىبيەن بانكىسىنىڭ مەخسۇس شىنجاڭدا ئىشلىتىدىغان يۈز داچەنلىك قەغەز پۇلى. 1916ـ يىلى (مىنگونىڭ 5ـ يىلى) بېيجىڭدا بېسىلغان. تارقىتىلمىغان ھەم نومۇر سېلىنمىغان، تامغىمۇ بېسىلمىغان. ئۆلچىمى 64 × 105 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوقىچاق شەكىلدە مەنزىرە چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ سول تەرىپىگە ئىككى دېھقاننىڭ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان ھالىتى، ئوڭ تەرىپىگە تۆگە كارۋىنى، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۇزۇن پويىز، ئورمان، تاغ مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىدە گۈل نۇسخىلىرى بولۇپ، ئۇيغۇرچە خەت يېزىلمىغان.

• 558. جىبيەن بانكىسىنىڭ مەخسۇس شىنجاڭدا ئىشلىتىدىغان 200 داچەنلىك قەغەز پۇلى، ئۆلچىمى 66 × 125 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوقىچاق شەكىلدە سەددىچىن سېپىلىنىڭ كۆرۈنۈشى ئىشلەنگەن. «يۈز داچەن» دېگەن يەرگە «ئىككى يۈز داچەن» دەپ يېزىلغان. باشقا خەتلىرى 100 داچەنلىك پۇل بىلەن ئوخشاش. گۈل نۇسخىلىرى ئازراق ئۆزگەرگەن، ئارقا تەرىپىدە گۈل نۇسخىلىرىلا بار، ئۇيغۇرچە خەت يېزىلمىغان.

• 559. جىبيەن بانكىسىنىڭ مەخسۇس شىنجاڭدا ئىشلىتىدىغان تۆت يۈز داچەنلىك قەغەز پۇلى، ئۆلچىمى 90 × 165 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېيجىڭ يېخېيۈەن بېغىنىڭ كۆرۈنۈشى ئىشلەنگەن. ئارقا تەرىپىدىكى سۈرەتنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە «تۆت يۈز داچەنلىك مىس پۇل» دەپ يېزىلغان، ئۇنىڭ يۇقىرى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «جىبيەن بانكىسى» دەپ، تۆۋەندىكى ئوڭ تەرىپىگە كىچىك خەتلەر بىلەن ئۇيغۇرچە «بۇ پۇلغا ئاساسەن چىقىم قىلىنىدۇ» دەپ، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «يۈتۈپ كەتسە مەلۇم قىلىنمايدۇ» دەپ يېزىلغان. تۆۋەن قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا فرانسۇزچە «تۆت يۈز داچەن» دەپ يېزىلغان، پۇلنىڭ تۆت بۇرجىكىنىڭ ئۈستۈنكى ئىككىسىگە ئەرەبچە خەت بىلەن «400» دەپ، ئاستىدىكى ئىككىسىگە ئەرەبچە رەقەم بىلەن «400» دەپ يېزىلغان. بۇ پۇلنىڭ ئالاھىدە يېرى ئۇيغۇرچە خەت بولغاندىن باشقا بىر قۇر فرانسۇزچە خەتنىڭمۇ بولغانلىقى.

• 560. رۇس ـ ئاسىيا بانكىسىنىڭ بىر پۇڭلۇق ئالتۇن چېكى. رۇس ـ ئاسىيا بانكىسىنىڭ ئىلى، قەشقەر، تارباغاتايدىكى ئۈچ شۆبە ئىدارىسى 1913ـ يىلى (مىنگونىڭ 2 ـ يىلى) دىن باشلاپ تارقاتقان. بۇ چەك ئەنگلىيىنىڭ لوندون ئويما بەت باسمىسىغا ھاۋالە قىلىنىپ، چارروسىيەدە بېسىلغان. قەغىزىنىڭ سۈپىتى، سۈرەت نۇسخىلىرى، رەڭدارلىقى ناھايىتى ياخشى. ئۆلچىمى 79 × 135 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىدىكى خەتلەر رۇسچىنى ئاساس قىلغان. يۇقىرى تەرىپىدە بىر قۇر رۇسچە «رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى» دەپ، ئوتتۇرىسىغا رۇسچە چوڭ خەت بىلەن «بىر پۇڭ» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ ئاستىغا يەنە رۇسچە «رۇس ـ

ئاسىيا بانكىسى» دەپ يېزىلغان. پۇلنىڭ سول تەرىپىدىكى كۆك ئەجدىھارنىڭ سۈرىتى بار جايىدا رۇسچە «ф1» (بىر پۇڭ) دەپ يېزىلغان. ئاستىدىكى گۇللۇك جىيەك ئىچىگە ئىنگلىزچە ئۇششاق خەت بىلەن «لوندون ئويما بەت ياسىغۇچى براد بۇرى ۋىلكىنسون چەكلىك شىركىتى» دەپ يېزىلغان. ئارقا قىسمىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە خەت يېزىلغان. ئۇنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق: «رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ ئىلى، قەشقەر، تارباغاتايدىكى تارماق بانكىلىرىدا مەزكۇر پۇلغا بىر پۇڭ ئۆلچىمىدە ساپ ئالتۇن بېرىلىدۇ». يۇقىرىقى سول بۇرجىكى بىلەن تۆۋەنكى ئوڭ بۇرجىكىگە رۇسچە «ф1» (بىر پۇڭ) دەپ، يۇقىرىقى ئوڭ بۇرجىكى بىلەن تۆۋەنكى سول بۇرجىكىگە خەنزۇچە «بىر پۇڭ» دەپ يېزىلغان، ئاستىدىكى گۇللۇك جىيەك ئىچىگە سۇس رەڭدە بىر قۇر ئىنگلىزچە ئۇششاق خەتلەر بىلەن ئويما بەت ياسىغۇچىنىڭ ئىسمى بېسىلغان.

• 561. رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ ئىككى پۇڭلۇق ئالتۇن چېكى. ئۆلچىمى 95×172 مىللىمېتىر. مەزكۇر چەك بىر پۇڭلۇق چەك بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. ئالدى- ئارقا تەرەپلىرىگە رۇسچە «ئىككى پۇڭ» دەپ يېزىلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ يۇقىرىسىغا تارقىتىلغان ۋاقتى «1917- يىل، ئاي، كۈن» دېگەن رېزىنكە تامغا بېسىلغان.

• 562. رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ بىر مىسقاللىق ئالتۇن چېكى. ئۆلچىمى 102×183 مىللىمېتىر. مەزكۇر چەك بىر پۇڭلۇق چەك بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. ئالدى - ئارقا تەرەپلىرىگە خەنزۇچە «بىر مىسقال، رۇسچە «ئون پۇڭ» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى گۇللۇك جىيەك ئىچىگە تارقىتىلغان ۋاقتى «1917- يىلى، ئاي، كۈن» دېگەن رېزىنكە تامغا بېسىلغان. ئارقا تەرىپىگە «بىر مىسقال» دەپ يېزىلغاندىن تاشقىرى، باشقا جايلىرى بىر پۇڭلۇق چەك بىلەن ئوخشاش.

• 563. رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ بەش مىسقاللىق ئالتۇن چېكى. ئۆلچىمى 104×191 مىللىمېتىر. مەزكۇر چەك بىر پۇڭلۇق چەك بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا رۇسچە «بەش مىسقال» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى گۇللۇك جىيەك ئىچىگە قارا قەلەم بىلەن رۇسچە «1915- يىل، ئاي، كۈن» دەپ تارقىتىلغان ۋاقتى يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە «بەش مىسقال» دەپ يېزىلغاندىن تاشقىرى، باشقا جايلىرى ئوخشاش.

• 564. رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ بىر سەرلىك ئالتۇن چېكى. ئۆلچىمى 109×198 مىللىمېتىر. مەزكۇر چەك بىر پۇڭلۇق چەك بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا رۇسچە «بىر سەر» دەپ يېزىلغان، ئۇنىڭ ئاستىغا چەك نومۇرى بېسىلغان، ئەڭ تېگىگە قارا قەلەم بىلەن «1913- يىلى، ئاي، كۈن» دەپ تارقىتىلغان ۋاقتى يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە «بىر سەر» دەپ يېزىلغاندىن تاشقىرى، باشقا جايلىرى بىر پۇڭلۇق چەك بىلەن ئوخشاش.

• 565. تۇرپان ناھىيىسىنىڭ بەش سەرلىك ۋاقىتلىق چېكى (ما جۇڭيىڭ پۇلى)، 1933-يىلى (مىنگونىڭ 22- يىلى) گەنسۇلۇق مىلىتارىست ما جۇڭيىڭ تۇرپاندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەرگەن دېھقانلارنىڭ قوللىشى بىلەن تۇرپاننى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ھەربىي خىراجەت توپلاش ئۈچۈن مەزكۇر ۋاقىتلىق چەكنى (ۋاقىتلىق چەك ۋاقىتلىق پۇل بولۇپ، كېيىن رەسمىي پۇلغا ئالماشتۇرۇشقا بولاتتى) تارقىتىپ، شۇ جايدىلا ئوبوروت قىلغان. مەزكۇر چەك نېپىز لاتا قەغەزگە ياغاچ ئويما باسمىدا بېسىلغان چوڭ پۇل. ئۆلچىمى 114×212 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە قارا رەڭدە خەنزۇچە «مەزكۇر چەك ۋاقىتلىق خەجلىنىدۇ، ئۈچ ئاي مۆھلەت ئىچىدە، سودا ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ھۆكۈمەت پۇلىغا ئالماشتۇرۇلىدۇ ......( ئاخىرىدىكى سۆزلەر ئېنىق ئەمەس)» دەپ يېزىلغان. چەكنىڭ يۇقىرىقى يېرىم قىسمىغا تۇرپان ناھىيىسىنىڭ چوڭ قىزىل رەڭلىك ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان. ئارقا تەرىپىگە يېشىل رەڭدە خەنزۇچە خەت يېزىلغان، خەتلەر ئېنىق ئەمەس، پەقەت «مىنگونىڭ 22- يىلى» دېگەن بىر نەچچە خەتنىلا تونۇغىلى بولىدۇ. ئاستى تەرىپىگە چاسا تامغا، ئوڭ تەرەپ گىرۋىكىگە چاك تامغىسى بېسىلغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، چەكتە يەنە «بەش سەر كۈمۈشكە باراۋەر» دېگەن خەتلەر بولغان.

• 566. گۇچۇڭ ناھىيىلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ بەش سەرلىك ئوبوروت چېكى (ما جۇڭيىڭ پۇلى)، 1933- يىلى (مىنگونىڭ 22- يىلى) 5- ئايدا ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى گۇچۇڭنى ئالغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا پۇل تەييارلاشنى تاپشۇرغان، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بۇ خىل ۋاقىتلىق ئوبوروت چېكىدىن 1 مىليون سەر تارقاتقان. لېكىن ئىشلىتىلمىگەن. ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلغاندا يىگىلىپ چېكىنگەن. بۇ چەك گۇچۇڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى ئىدارىلىرى ۋە ئۆلكىدىكى شىڭ شىسەي بارگاھلىرىدا ئىشلىتىلگەنلىكتىن بازارغا كىرگەن. لېكىن ناھايىتى ئاددىي ئىشلەنگەن بولغاچقا، ئۆزۈنى بارمايلا ئۇنىڭ ساختىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ پۇل مۇئامىلىسىنى قالايمىقانلاشتۇرغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت گۇچۇڭ ناھىيىسىگە 1 مىليون سەر ئۆلكە پۇلى بۇيرۇپ بەرگەندىن كېيىن، تېگىشىپ بېرىش ئارقىلىق بارلىق ئوبوروت چېكىنى يىغىۋېلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن.

مەزكۇر چەك بەيياڭ قەغىزىدە ئىشلەنگەن بولۇپ، ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان، ئاددىي ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 90 × 195 مىللىمېتىر. ئالدى تەرەپنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە يېزىقتا «لۇتۇڭ سى مى» (بازاردا ئوبوروت قىلىنىدۇ) دېگەن خەنزۇچە سۆز يېزىلغان. تۆۋەن تەرىپىگە ئۇيغۇرچە يېزىقتا «كاي بۇ دۈي خەن» (تېگىشىپ بېرىلمەيدۇ) دېگەن خەنزۇچە سۆز

يېزىلغان. ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە «مەزكۇر پۇل بەش سەر كۇمۇشكە باراۋەر» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە يېزىقتا «داڭ گەن پېيۇيىنىڭ ئۇ لىيالڭ جىلڭ» (مەزكۇر پۇل بەش سەر كۇمۇشكە باراۋەر) دېگەن خەنزۇچە سۆز يېزىلغان. ئوتتۇرىدىكى «بەش سەر» دەپ يېزىلغان يەرگە «گۇچۇڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى» دېگەن تامغا بېسىلغان. «كۇنى» دەپ يېزىلغان يەرگە كىچىك يۇملاق تامغا بېسىلغان. پۇلنىڭ ئوڭ تەرەپ گىرۋىكىگە ئىككى يەرگە ئۇزۇن چاسا چاك تامغىسى بېسىلغان. ئارقا تەرىپىدە يېزىلغان خەت يوق، پەقەت يۇقىرىسىغا يوغان بىر چاسا تامغا بېسىلغان بولۇپ، تامغىغا: « بۇ پۇل ۋاقىتلىق ئوبوروت قىلىنىدۇ، ئۈچ ئاي ئىچىدە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان، ئۇنىڭ ئاستىغا «گۇچۇڭ سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى» دېگەن چاسا تامغا بېسىلغان.

. 567. قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرىي ئامبال مەھكىمىسىنىڭ 40 داچەنلىك قەغەز پۇلى (ما شاۋۋۇ پۇلى)، 1933- يىلى (مىنگونىڭ 22- يىلى) 3- ئايدا، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇن باشلىقى ما جەنساڭ قەشقەرگە قوشۇن تارتىپ بارغاندا، قەشقەر رايونىنىڭ مەمۇرىي ئامىلى قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانى ما شاۋۋۇ تەسلىم بولىدۇ ھەمدە ما جەنساڭ بىلەن بىرلىشىپ تۆمۈر، ئوسمان قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوراللىق تەيىنقچى كۈچلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەرنىڭ ئۆلكە بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ھەربىي خىراجەت توپلاش ۋە بازارنىڭ پارچە قايتۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن، ما شاۋۋۇ مەزكۇر 40 داچەنلىك (بىر مىسقاللىق) پۇلنى تارقىتىپ، ئۇنى ئىلگىرىكى قەشقەر پۇلى بىلەن بىللە ئوبوروت قىلغان. بۇ- ئاق نېپىز بەيىياڭ قەغىزىگە ياكى توغرا سىزىقلىق ئىش قەغىزىگە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان، چاسا كەلگەن بىر يۈزلۈك پۇل. ئۆلچىمى 116 × 111 ميللىمېتىر. لېكىن چوڭ- كىچىكلىكى تەكشى ئەمەس. پۇل يۈزىگە قىزىل رەڭلىك يوغان چاسا تامغا بېسىغان، ئۇنىڭغا خەنزۇچە «شىنجاڭ قەشقەر رايونى مەمۇرىي ئامبال تامغىسى» دەپ يېزىلغان.

. 568. قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرىي ئامبال مەھكىمىسىنىڭ 100 داچەنلىك قەغەز پۇلى (ما شاۋۋۇ پۇلى). مىنگونىڭ 22- يىلى (1933) تاش مەتبەئەدە بېسىلغان. ئالدى - ئارقا تەرىپىگە يېشىل رەڭدە سۈرەت چۈشۈرۈلگەن خەتلەر يېزىلغان . ئۆلچىمى 81 × 143 ميللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇملاق دائىرە ئىچىگە خەنزۇچە «قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرىي ئامبال مەھكىمىسى، بۇ پۇلغا يۈز داچەن بېرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. «يۈز» دېگەن يەرگە «قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرىي ئامبال مەھكىمىسى» دېگەن ئۇزۇن چاسا تامغا بېسىلغان. ئۇنىڭ ئاستىغا ئۇزۇن بىرقۇرغا يۇقىرقى سۆزنىڭ ئۇيغۇرچىسى يېزىلغان. پۇلنىڭ سول تەرىپىگە «جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانى» دېگەن چاسا تامغا بېسىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ يۇملاق سۈرەت نۇسخىسى بولۇپ،ئىچىگە خەنزۇچە «قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرىي ئامبال مەھكىمىسى» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە خەنزۇچە «بۇ ھۆكۈمەت پۇلى بىردەك ئۆتىدۇ، ئەگەر ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. سول تەرىپىگە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىسى يېزىلغان. ئاستىدىكى قۇرغا خەنزۇچە «قەشقەر، خوتەن ئىككى رايوندا ئۆتىدۇ» دەپ يېزىلغان.

. 569. جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانلىق شىتابىنىڭ ھەربىي خىراجەت پۇلى (ما شاۋۋۇ پۇلى، مايلىق لاتا پۇل)، 1933- يىلى (مىنگونىڭ 22- يىلى) 9- ئايدىن 1934- يىلى (مىنگونىڭ 23-يىلى) غىچە، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانى ما شاۋۋۇ تارقاتقان بىر سەرلىك مايلىق لاتا پۇل. مەزكۇر پۇل توغراق يېغىغا چىلانغان ئاق خەسىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، تەمگە چىدامىلىق، ئاسان ئۇپرىمايدىغان، تاش مەتبەئەدە بېسىلغان بىر يۈزلۈك ھۆكۈمەت پۇلى. ئۆلچىمى 92 × 157 ميللىمېتىر، چوڭ- كىچىكلىكى تەكشى ئەمەس. پۇل يۈزىگە يوغان قىزىل رەڭلىك چاسا ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان، تامغىغا «جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانلىق شتابى» دەپ يېزىلغان. تامغىنىڭ سول تەرىپىگە «جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانى» دېيىلگەن قىزىل كىچىك چاسا تامغا بېسىلغان.

ما شاۋۋۇنىڭ بىر سەرلىك مايلىق لاتا پۇلىنىڭ يەنە ئۈچ خىل رەختىن ياسالغىنى بار: بىرسى، تار توغرا يوللۇق كۆك گۈللۈك رەختتىن ئىشلەنگەن. ئىككىنچىسى، كەڭ توغرا يوللۇق قىزغۇچ گۈللۈك رەختتىن ئىشلەنگەن. ئۈچىنچىسى، تېگى كۆك، قارا چىم- چىم گۈللۈك رەختتىن ئىشلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى شۇ چاغدا قەشقەر رايونىدا ئىچكى ئۇرۇش سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، ماددىي ئەشيالار ئىنتايىن كەمچىل بولغان. ھەتتا ئەڭ ئادەتتىكى ئاق رەختمۇ يېتىشمىگەن، شۇڭا ھەر خىل رەڭدىكى گۈللۈك رەختلەردىن مايلىق لاتا پۇل ئىشلەشكە توغرا كەلگەن.

. 570. قەشقەردىكى قورچاق «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ بىر سەرلىك قەغەز پۇلى. 1933- يىل 12- ئايدىن 1934- يىل 3- ئايغىچە قەشقەر كونا شەھەردە بېسىپ تارقىتىلىپ، پەقەت قەشقەر ئەتراپىدىلا ئوبوروت قىلىنغان، ئاق گېزىت قەغىزى ياكى توغرا سىزىقلىق ئىش قەغىزىدىن ئىشلەنگەن، تاش مەتبەئەدە بېسىلغان. ئۆلچىمى 102 × 156 ميللىمېتىر، چوڭ- كىچىكلىكى تەكشى ئەمەس. ئاددىي ئىشلەنگەن، قارا رەڭ بىلەن بېسىلغان. ئالدى- ئارقا تەرەپلىرىگە ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان، خەنزۇچە خەت ئىشلىتىلمىگەن. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوڭ- سول بۇرجىكىگە ئەرەبچە خەت بىلەن

«ا» يېزىلغان، تۆۋەنكى ئىككى بۇرجىكىگە ئەرەبچە رەقەم بىلەن «ا» يېزىلغان، ئوتتۇرىسىغا ئاي يۇلتۇزلۇق قورچاق دۆلەت گىربى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاستىغا ئەرەبچە «1352» دەپ يېزىلغان (ھىجرىيە 1352- يىلى مىلادى 1933- يىلى 4- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 1934- يىلى 4- ئاينىڭ 15- كۈنىگە توغرا كېلىدۇ). يۇقىرى قىسمىغا ئۇيغۇرچە «تۈركىستان ھۆكۈمىتى» دەپ، ئاستىغا ئۇيغۇرچە «مالىيە نازىرى» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ سول تەرىپىدىكى ئاق جايغا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن ئۇزۇن چاسا قىزىل تامغا بېسىلغان. ئاي - يۇلتۇزنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۈچ قۇر قىلىپ ئۇيغۇرچە «تەۋەسىدە تۆت يۈز داچەنگە ئالىدۇ» دەپ، سول تەرىپىگە ئۈچ قۇر قىلىپ «بىر سەر دۆلەت خەزىنە پۇلى» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرقى ئىككى بۇرجىكىگە ئەرەبچە رەقەم بىلەن «ا»، تۆۋەنكى ئىككى بۇرجىكىگە ئەرەبچە خەت بىلەن «ا» دەپ يېزىلغان، ھەممىسى يانتۇ يېزىلغان. ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان. ئۇقتۇرۇشتا: «مەزكۇر پۇل پادىشاھلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرتۇتاش تارقىتىلغان، قەشقەرنىڭ بىر سەرلىك كۈمۈش پۇلى قىلىندۇ. ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى» دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆسۈن رەڭلىك چوڭ يۇملاق تامغا بېسىلغان، تامغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاي، يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ چۆرىسىگە ھالقىسمان قىلىپ «شەرقىي تۈركىستان باش ۋەكالىتى» دەپ يېزىلغان.

. 571. قەشقەردىكى قورچاق «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ بىر سەرلىك لاتا پۇلى. مەزكۇر پۇل ئاق نېپىز خەسىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سۈرەت، خەت نۇسخىلىرى ۋە چوڭ- كىچىكلىكى قەغەز پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 572. قەشقەردىكى قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ بىر مىسقاللىق كۈمۈش پۇلى. قۇيۇلغان ۋاقتى، ئورنى، ئوبوروت قىلىنغان رايونى يۇقىرىدىكى بىر سەرلىك قەغەز پۇل بىلەن ئوخشاش. دىئامېتىرى 29.2 مىللىمېتىر. قېلىنلىقى 1.6 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 9.2 گرام. ئالدى- ئارقا تەرىپىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇر يېزىقى (چاغاتاي يېزىقى) يېزىلغان. ئالدى تەرىپىدىكى سىرتقى چەمبەرگە ئۇيغۇرچە خەت ھالقىسىمان يېزىلغان بولۇپ، باش- ئايىغى تۇتاشقان. ئۇنىڭغا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىسلامىيىسى» دەپ يېزىلغان. ئىچكى چەمبەرگە تۆت قۇر قىلىپ ئۇيغۇرچە « (1)- مىسكوك - 1352- ، سەنە» «(1) مىسقال، ھىجرىيە 1352- يىلى» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۇقىرىغا قارىغان يېڭى ئاينىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئاينىڭ ئىچىگە ئۇيغۇرچە «زەرب كاشغەر» (قەشقەردە ئىشلەنگەن) دەپ يېزىلغان. خەتنىڭ ئۈستىدە سەككىز بۇرجەكلىك يۇلتۇز بار. يېڭى ئاينىڭ ئاستىغا ئىككى تال يوپۇرماقلىق نوتىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، كېيىنكى يېرى شەلپەر بىلەن چىگىلگەن.

. 573. قەشقەردىكى قورچاق «ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئون داچەنلىك مىس پۇلى. قۇيۇلغان ۋاقتى، ئورنى ۋە ئوبوروت قىلىنغان رايونى يۇقىرىدىكى بىر مىسقاللىق كۈمۈش پۇل بىلەن ئوخشاش. دىئامېتىرى 28 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 6 گرام. ئالدى تەرىپىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا ئۇيغۇرچە: «ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى، زەرب كاشغەر، ئون داچەن» دەپ يېزىلغان (ئىلاۋە: قورچاق «ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى» «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ دەسلەپكى ئىسمى بولۇپ، كېيىن كېيىنكىسىگە ئۆزگەرتىلگەن) . ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا بىر- بىرىگە تۇتاشقان ئىككى تال يوپۇرماقلىق شاخ چۈشۈرۈلگەن. ئەڭ يۇقىرىسىدا ئاي- يۇلتۇز بولۇپ، ھەممىسى تۇتۇشۇپ بىر چەمبەر شەكلىنى ھاسىل قىلغان. بۇ چەمبەر ئىچىگە تۆت قۇر قىلىپ ئۇيغۇرچە «مىللەتى ئىسلامىيە 1352» ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت، ھىجرىيە 1352- يىلى) دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدە ئۆز ئارا كېسىشكەن ئىككى بايراق نۇسخىسى بار، سول تەرىپىدىكىسى گومىنداڭنىڭ پارتىيە بايرىقى بولۇپ، بايراق ئوتتۇرىسىدا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش بار، ئوڭ تەرىپىدىكىسى قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ ئۈچ بۇرجەكلىك دۆلەت بايرىقى بولۇپ، بايراقنىڭ چۆرىسىگە ھەرە چىشى شەكلىدە گۈل چىقىرىلغان. بايراقنىڭ ئىچىگە ئاي، يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن. ئىككى بايراقنىڭ دەستىسى كېسىشكەن جايى شەلپەر بىلەن چىگىلگەن. يۇقىرىسىغا خەنزۇچە «داچەنگە باراۋەر» دېگەن خەت يېزىلغان. ئاستىغا «ئون دانە» دېگەن خەت يېزىلغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قورچاق ھاكىمىيىتى قەستەن گومىنداڭنىڭ پارتىيە بايرىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ساختا دۆلەت بايرىقىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق، يالغاندىن ئۆزىنىڭ جۇڭگونى مېتروپولىيە دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. بۇ مىس پۇلنىڭ بەزىسى ئىچكىرىنىڭ ئون يارماقلىق داچىلىڭ مىس پۇلى بىلەن مىنگو قۇرۇلغانلىقى خاتىرە پۇلىنى قايتا سوقۇپ ئىشلەنگەنلىكتىن، پۇل يۈزىدە ئاۋالقى خەتلەرنىڭ ئىزلىرى قالغان، بەزى پۇللاردا بۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

. 574. قەشقەردىكى قورچاق «ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئون داچەنلىك مىس پۇلى. ئارقىسىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك بايراقنىڭ چۆرىسى بېزەلمىگەن. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 575. قەشقەردىكى قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ يىگىرمە داچەنلىك مىس پۇلى. قۇيۇلغان ۋاقتى، ئورنى، ئوبوروت قىلىنغان رايونى يۇقىرىدىكى ئون داچەنلىك پۇل بىلەن ئوخشاش. دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر، ئې-

ئېغىرلىقى 12.4 — 14.3 گرام. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇرچە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىسلامىيە، زەرب كاشغەر» دەپ يېزىلغان.ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر، بىرىگە ئوتتاشقان ئىككى تال يوپۇرماقلىق گۈل شېخى چۈشۈرۈلۈپ، چېتىلغان جايى شەلپەر بىلەن چىگىلگەن. يۇقىرىسىدا ئاي، يۇلتۇز بولۇپ، ھەممىسى بىر چەمبەر شەكلىنى ھاسىل قىلغان. چەمبەر ئىچىگە ئۇيغۇرچە (يۇقىرىدىن تۆۋەنگە) «1352- سەنە» (ھىجرىيە 1352- يىلى) دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى قوش بايراق ئۇسخىسى يۇقىرىدىكى ئون داچەنلىك پۇلغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ، لېكىن گومىنداڭنىڭ پارتىيە گىربى 12 بۇرجەكلىك يۇلتۇزغا ئۆزگەرتىلگەن. بايراق دەستىسىنىڭ كېسىشكەن يېرىگە شەلپەر يۆگەلمىگەن. ئاستىغا تۈز سىزىق تارتىلىپ، تېگىگە دولقۇنسىمان سىزىق چىقىرىلغان. يۇقىرىسىغا خەنزۇچە «يىگىرمە داچەن» دەپ، ئەڭ تېگىگە ئۇيغۇرچە «20 داچەن» دەپ يېزىلغان.

. 576. قەشقەردىكى قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ يىگىرمە داچەنلىك مىس پۇلى، بۇ پۇلدا قەشقەردە قۇيۇلغان ۋۇچېن يىلىدىكى مىس پۇلنىڭ قالدۇق ئىزلىرى بار. بۇ خىل يىگىرمە داچەنلىك مىس پۇلنىڭ دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر بولۇپ، چوڭ- كىچىكلىكى شىنجاڭنىڭ مىنگودىن بۇيانقى دىئامېتىرى 33 مىللىمېتىر بولغان ئون داچەنلىك مىس پۇللىرى بىلەن ئوخشاش . دېمەك ، مەزكۇر قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ نۇرغۇن يىگىرمە داچەنلىك مىس پۇلى كونا مىس پۇللارنى قايتا سوقۇش ئارقىلىق ياسالغان، شۇڭا پۇل يۈزىدىن ئىلگىرىكى پۇلنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ . مەزكۇر پۇلدا ئىلگىرى قەشقەردە قۇيۇلغان ۋۇچېن يىلىدىكى (ئالدى تەرىپىدە) مىس پۇلنىڭ ئىزناسى ئېنىق. بۇ ئەھۋال مەزكۇر ھاكىمىيەتنىڭ تەۋرەپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا كونا پۇللارنى ئېرىتىپ قايتا قۇيۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، كونا پۇللارنى قايتا سوقۇپ پۇل قىلغان ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

. 577. قەشقەردىكى قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ يىگىرمە داچەنلىك مىس پۇلى . خەنزۇچىسى « ئىككى داچەنلىك » دەپ خاتا يېزىلغان . مەزكۇر پۇلدا خەنزۇچە خەتلەرنىڭ يېزىلىشى ناچار ھەمدە خەت چۈشۈپ قالغان.

. 578. قورچاق «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتى» نىڭ يۈز داچەنلىك لاتا پۇلى. 1934- يىلى 3-، 4- ئايلاردا خوتەندە بېسىلغان . خوتەن رايونىدىلا قىسقا ۋاقىت ئوبوروت قىلىنغان. بۇ ئۇيما مەتبەئەدە بېسىلغان كىچىك پۇل بولۇپ، تېپىز ئاق خەسىدىن ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 75×97 مىللىمېتىر، چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس. ئالدى تەرىپى ئۆرە شەكلىدە ئىشلىنىپ، ئۇيغۇرچە «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ خەزىنىسىدىن تارقىتىلغان پۇل، يۈز داچەن، ھىجرىيە 1352- يىلى» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپى توغرىسىغا ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچە ئوقتۇرۇش بېسىلغان. ئوقتۇرۇشتا: «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتى: مەزكۇر پۇل ھەممە يەردە ئۆتىدۇ. ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. ھىجرىيە 1352- يىلى» دېيىلگەن . ئۇنىڭ ئاستى گىرۋىكىگە «خوتەن» دېگەن خەت يېزىلغان چوڭ قىزىل سۈرۈقلۇق چاسا تامغا بېسىلغان. ئىلاۋە: شىنجاڭنىڭ ئادىتىدە تۆت يۈز داچەن بىر سەر كۈمۈش ھېسابلىناتتى ، بۇ پۇل يۈز داچەن بولۇپ، 2.5 مىسقال كۈمۈشكە يەنى بىر سەرنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر قىلىنغان.

. 579. قورچاق «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتى» نىڭ بىر سەرلىك قەغەز پۇلى. بۇ پۇل يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن بىر يۈرۈش. بۇ پۇل ئاساسىي پۇل، يۇقىرىدىكى پۇل قوشۇمچە پۇل بولغان. يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۇل ياغاچ ئۇيما مەتبەئەدە بېسىلغان بولۇپ، خوتەننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان پۇختا، چىداملىق لاتا قەغەزدە ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 102×154 مىللىمېتىر. چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەرەبچە «١» دېگەن خەت يېزىلغان، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بىر»، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «سەر» دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرىسىغا «خوتەن» دېگەن خەت يېزىلغان سوقىچاق شەكىللىك تامغا بېسىلغان. تۆۋەندىكى گىرۋىكىگە ئەرەبچە «1352» دەپ يېزىلغان چوڭ چاسا چاك تامغىسى بېسىلغان . بۇ تامغىلارنىڭ ئىككىسىگە قىزىل سۈرۈخ ئىشلىتىلگەن . ئۇيغۇرچە چاسا تامغىنىڭ ئاستىغا قىزىل قەلەم بىلەن ئەرەبچە پۇل نومۇرى يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە ئوقتۇرۇش يېزىلغان بولۇپ، خەتلىرى كىچىك ھەم تۇتۇق بولغاچقا، پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.

. 580. خوتەن مەمۇرىي ئامبال مەھكىمىسىنىڭ بىر سەرلىك ئوبوروت پۇلى (ما خۇسەن پۇلى ، مىنگونىڭ 23 - يىلى باسمىسى) 1934 - يىلى خوتەندە بېسىلغان ، خوتەن ۋىلايىتى ۋە قاغىلىق ئەتراپلىرىدا خەجلەنگەن. ياغاچ ئۇيما مەتبەئەدە بېسىلغان، خوتەننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان لاتا قەغەزدە ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 102×149 مىللىمېتىر بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خەنزۇچە «بىر سەر» دېگەن خەت، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بىر»، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «سەر» دەپ يېزىلغان. سوقىچاق شەكىللىك چەمبەرنىڭ سىرتىدىكى ئوڭ تەرەپ ئۈستى بۇرجىكى بىلەن سول تەرەپ تۆۋەن بۇرجىكىگە خەنزۇچە «بىر» دېگەن خەت، سول تەرەپ ئۈستى بۇرجىكى بىلەن ئوڭ تەرەپ ئاستى بۇرجىكىگە ئۇيغۇرچە «بىر سەر» دەپ يېزىلغان. ئوڭ تەرىپىدىكى ئەرەبچە پۇل نومۇرى سۆسۈنە رەڭدە قەلەم بىلەن يېزىلغان، سول تەرىپىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا خەنزۇچە «خوتەن رايونى مەمۇرىي ئامبال تامغىسى»دېگەن سۆسۈنە

رەڭلىك ئۇزۇن چاسا تامغا بېسىلغان. ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان. ئۇقتۇرۇشتا «خوتەننىڭ مەمۇرىي ئامبىلى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى: مەزكۇر پۇلنىڭ ھەر بىرسى تۆت يۈز داچەنلىك بولۇپ، بىر سەر ساپ كۈمۈشكە باراۋەر. ئاشلىق ۋە باشقا باجلار ئۈچۈن ئىشلەتسە تامامەن ئۆتىدۇ. ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ» دېيىلگەن. ئۇقتۇرۇش ئۈستىگە «شىنجاڭ خوتەن رايونى مەمۇرىي ئامبال تامغىسى» دېگەن چوڭ قىزىل چاسا تامغا بېسىلغان.

. 581. خوتەن مەمۇرىي ئامبال مەھكىمىسىنىڭ بىر سەرلىك ئۇبوروت پۇلى (ما خوسەن پۇلى، مىنگونىڭ 24- يىل باسمىسى)، 1935- يىل بېسىلغان. ئۆلچىمى 101×153. مىللىمېتىر، بۇ پۇلنىڭ مىنگونىڭ 23- يىل باسمىسىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ بۇرجەك شەكلىنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بىر سەر» دەپ يېزىلمىغان. سول تەرىپىدىكى ۋاقتى «مىنگونىڭ 24- يىلى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، باشقا جايلىرى ئاساسەن ئوخشاش.

. 582. خوتەن مەمۇرىي ئامبال مەھكىمىسىنىڭ بىر سەرلىك ئۇبوروت پۇلى، (ما خوسەن پۇلى، مىنگونىڭ 25- يىل باسمىسى)، بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ۋاقتىلا ئوخشىمايدۇ، باشقا جايلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ.

. 583. خوتەن مەمۇرىي رايون ئامبىلىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئۈچ سەرلىك پۇل (ما خوسەن پۇلى، مىنگونىڭ 23- يىل باسمىسى)، 1934- يىلى بېسىلغان. بېسىلغان جايى بىلەن ئۇبوروت قىلىنغان رايونى بىر سەرلىك پۇل بىلەن ئوخشاش. قېلىن لاتا قەغەزدىن ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 97×153 مىللىمېتىر. چوڭ- كىچىكلىكى تەكشى ئەمەس، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەنزۇچە « ئۈچ سەر» دېگەن خەتنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىغا ئەرەبچە رەقەم بىلەن «3»، سول تەرەپ ئاستىغا ئۇيغۇرچە «سەر» دەپ يېزىلغان، پۇل نومۇرى ئەرەبچە رەقەم بىلەن سۆسۈنە سىيادا يېزىلغان، سول تەرەپ ئاستىغا « خوتەن مەمۇرىي ئامبال تامغىسى» دېگەن سۆسۈنە رەڭلىك ئۇزۇن چاسا تامغا بېسىلغان. ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان. ئۇقتۇرۇشتا: « خوتەن رايونىنىڭ ئامبىلى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى: مەزكۇر پۇلنىڭ ھەر بىرسى ئۈچ سەرگە باراۋەر، بىر سېرى تۆت يۈز داچەن، خوتەن رايونىدا خەجلىنىدۇ. پۇقرالار ئاشلىق ۋە باشقا باج، ھۆكۈمەت پۇللىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە تامامەن ئۆتىدۇ. ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىڭلار» دېيىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە « شىنجاڭ خوتەن رايونى مەمۇرىي ئامبال تامغىسى» دېگەن چوڭ قىزىل ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان.

. 584. خوتەن مەمۇرىي رايون ئامبىلىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئۈچ سەرلىك پۇل (ما خوسەن پۇلى، مىنگونىڭ 24- يىلى باسمىسى)، 1935- يىلى بېسىلغان. ئۆلچىمى 102×153 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ رېڭىدە ئازراق ئۆزگىرىش بولغاندىن تاشقىرى، باشقا جايلىرى مىنگونىڭ 23- يىلى باسمىسىدىكى ئۈچ سەرلىك پۇل بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش.

. 585. خوتەن مەمۇرىي رايون ئامبىلىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئۈچ سەرلىك پۇل (ما خوسەن پۇلى ، مىنگونىڭ 25- يىلى باسمىسى) . 1936- يىلى بېسىلغان . ئۆلچىمى 102×153 مىللىمېتىر .

. 586. خوتەن مەمۇرىي رايون ئامبىلىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئۈچ سەرلىك پۇل (ما خوسەن پۇلى، مىنگونىڭ 26- يىلى باسمىسى) 1937- يىلى بېسىلغان. ئۆلچىمى 102×153 مىللىمېتىر.

. 587. خوتەن مەمۇرىي رايون ئامبىلىنىڭ تامغىسى بېسىلغان يۈز داچەنلىك پۇل (ما خوسەن پۇلى) . بۇ پۇل ما خوسەننىڭ بىر سەرلىك پۇلىنىڭ قوشۇمچىسى بولۇپ، بىر سەرلىك پۇلنىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ قىلىنغان. بېسىلغان ۋاقتى، ئورنى ۋە ئۇبوروت قىلىنغان رايونى بىر سەرلىك پۇل بىلەن ئوخشاش. قېلىن لاتا قەغەزدىن ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 77×98 مىللىمېتىر، چوڭ- كىچىكلىكى بىر سەرلىك پۇلنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. ئالدى تەرىپىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە ئۇقتۇرۇش يېزىلغان. ئۇقتۇرۇشتا: «خوتەن رايونىنىڭ مەمۇرىي ئامبىلى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى: مەزكۇر پۇلنىڭ ھەر بىرسى يۈز داچەنگە باراۋەر. ئاشلىق ۋە باشقا باج پۇللىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە تامامەن ئۆتىدۇ. ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ» دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «شىنجاڭ خوتەن رايونى مەمۇرىي ئامبال تامغىسى» دېگەن خەتلىرى بار چاڭ تامغىسى قىلىنغان چوڭ چاسا ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان. ئۇيغۇرچىسى يوق.

. 588. بىر دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى، 1939- يىلى (مىنگونىڭ 28- يىلى) ئۆرۈمچىدە ماشىنىدا تۇغرىسىغا بېسىلغان زامانىۋى پۇل. ئۆلچىمى 78×153 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن، ئارقا تەرىپىگە ئىككى ئات بىلەن يەر ئاغدۇرۇۋاتقان دېھقاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئالدى تەرەپتىكى كۆرۈنۈشنىڭ ئاستىغا خەنزۇچە : «مەزكۇر پۇلغا بىر دوللار دۆلەت پۇلى بېرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. «دۆلەت پۇلى» گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ فابى پۇلىنى كۆرسىتىدۇ. يېڭى ئۆلكە پۇلى 1939- يىلى تارقىتىلغان چاغدا، ئۇنىڭ فابى پۇلىغا سۇندۇرۇلۇش نىسبىتى 1:1 بولغان . شۇ سەۋەپتىن «مەزكۇر پۇلغا بىر دوللار دۆلەت پۇلى بېرىلىدۇ » دېگەن سۆز يېزىلغان . ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرقى قىسمىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان. تېگىگە ئۇيغۇرچە «بىر دوللار» دەپ، سول تەرەپ گىرۋىكىگە موڭغۇلچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى » دەپ ، ئوڭ تەرەپ گىرۋىكىگە

موگغۇلچە «بىر دوللار» دەپ يېزىلغان.

589. ئۈچ دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. ئۆلچىمى 89 × 142 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە زاۋۇت بىناسىنىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن، يۇقىرىسىغا ئېگىز جازىلىق سىم يولى چۈشۈرۈلگەن، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەرەبچە «3» دېگەن رەقەمنىڭ ئىككى يېنىغا ئۇششاق خەت بىلەن «ئۈچ دوللار» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان. تېگىدىكى «1939» نىڭ ئۈستىگە موگغۇلچە (سولدىن ئوڭغا) «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان. پۇلنىڭ ئوڭ - سول ئىككى يېنىغا موگغۇلچە «ئۈچ دوللار» دەپ يېزىلغان.

590. بەش دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. ئۆلچىمى 90 × 148 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە دالىدا ئوتلاۋاتقان بىر پادا قوينىڭ سۈرىتى ئېلىنغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەرەبچە «5» يېزىلغان. ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بەش»، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «دوللار» دەپ يېزىلغان. ئۈستىگە ئۇيغۇرچە، ئاستىغا موگغۇلچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ، ئوڭ- سول تەرىپىگە موگغۇلچە «بەش دوللار» دەپ يېزىلغان.

591. 10 دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1940 - يىلى (مىنگونىڭ 29- يىلى) بېسىلغان. ئۆلچىمى 85 × 165 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە بانكا بىناسىنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان. ئارقا تەرىپىگە ئۈرۈمچىدىكى نەنسەن ئورمانلىقى ئېلىنغان. يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە، تېگىگە موگغۇلچە (ئوڭدىن سولغا) «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدىكى رومباسىمان شەكىلنىڭ ئىچىگە «ئون دوللار» دەپ يېزىلغان.

592. بىر سىنتلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1939- يىلى بېسىلغان. ئۆلچىمى 58 × 100 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە «بىر سىنت» دەپ يېزىلغان، ئۇنىڭ ئاستىغا خەنزۇچە «ھەر يۈز سىنتقا بىر دوللار دۆلەت پۇلى بېرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان، بۇ ئۇنىڭ قوشۇمچە پۇل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «بىر سىنت»، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان، ئىككى يېنىغا موگغۇلچە «بىر پۇڭ» دەپ يېزىلغان.

593. ئۈچ سىنتلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. ئۆلچىمى 61 × 98 مىللىمېتىر. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «ئۈچ سىنت» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى»، ئىككى تەرىپىگە موگغۇلچە «ئۈچ پۇڭ» دەپ يېزىلغان.

594. بەش سىنتلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. ئۆلچىمى 64 × 103 مىللىمېتىر. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «بەش سىنت» دەپ، ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى»، ئىككى تەرىپىگە موگغۇلچە «بەش پۇڭ» دەپ يې-
زىلغان.

595. 10 سىنتلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. ئۆلچىمى 65 × 110 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوڭ يېنىغا ئېتىزلىقلاردىن ئۆتكەن تاش يولدا كېتىۋاتقان بىر ماشىنىنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان. سۈرەتنىڭ سول تەرەپ ئاستىغا خەنزۇچە «ھەر ئون جياۋغا بىر دوللار دۆلەت پۇلى بېرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان، بۇ مەزكۇر پۇلنىڭ قوشۇمچە پۇل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەرەبچە «10» رەقىمى يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا «ئون سىنت»، يۇقىرىسىغا «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى»، ئوڭ- سول تەرىپىگە موگغۇلچە «ئون سىنت» دەپ يېزىلغان.

596. 20 سىنتلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. ئۆلچىمى 71 × 121 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوڭ يېنىغا ماگازىننىڭ سۈرىتى ئېلىنغان، ئارقىسىدا مەسچىت مۇنارىسى بار. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «20» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «يىگىرمە سىنت»، ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى»، ئىككى چېتىدىكى ئۇزۇن چاسا كاتەكچە ئىچىگە موگغۇلچە «يىگىرمە سىنت» دەپ يېزىلغان.

597. 50 سىنتلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. ئۆلچىمى 74 × 127 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ سول يېنىغا تۇرپاندىكى ئىمىن مۇنارىسىنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «50» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئەللىك سىنت»، يۇقىرىسىغا «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى»، ئىككى چېتىدىكى ئۇزۇن چاسا كاتەكچە ئىچىگە موگغۇلچە «50 سىنت» دەپ يېزىلغان.

598- 602. 1943- يىلى قايتا بېسىلغان 1939- يىلىدىكى يېڭى ئۆلكە پۇلى. ئارقا تەرىپىگە پىلىڭ جىيۇەن ئىمزا قويغان، تەرتىپى مۇنداق: 598- 10 سىنتلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى، 599- 20 سىنتلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى، 600- 50 سىنتلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى، 601- بىر دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى، 602- 10 دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى ،بۇلارنىڭ ھەممىسى 1939- يىلى تارقىتىلغان (10 دوللارلىقى 1940- يىلى تارقىتىلغان)، 1943- يىلى قايتا بېسىلغان. لېكىن ئارقا تەرىپىگە شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پىلىڭ جىيۇەن (شىڭ شىسەينىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى) ئىمزا قويغان، سول تەرىپىدە ئۇنىڭ ئىنگلىزچە ئىمزاسى بار.

603. بەش دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى (مىنگونىڭ 32- يىلى باسمىسى). 1943- يىلى تارقىتىلغان. ئۆلچىمى 71 × 158 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە ئۈچ دېھقاننىڭ يەر چاناۋاتقان ، يىراقتا بىر ئايالنىڭ تاماق كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان سۈرىتى ئېلىنغان. سۈرەتنىڭ ئاستىدا 1939- يىلى باسمىسىدىكى بەش دوللارلىق پۇلدىكى «مەزكۇر پۇلغا بەش سوملۇق دۆلەت پۇلى بېرىلىدۇ» دېگەن سۆزلەر يوق. چۈنكى 1942- يىلى 11- ئايدىن باشلاپ، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى مالىيە مىنىستىرلىكى

شىنجاڭ پۇلى بىلەن فابىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتىنىڭ 1:1 دىن 1:5 كە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى رەسمىي ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئالماشتۇرۇش نىسبىتى ئۆزگەرمىگەن. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «5» دەپ يېزىلغان. ئىككى يېنىغا موڭغۇلچە ھۆسنى خەت بىلەن «بەش يۈەن» دەپ، ئۇنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىدىكى كىچىكرەك يېزىلغان «5» نىڭ ئىككى تەرىپىگە ئايرىپ «بەش»، « دوللار» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ، ئاستىغا موڭغۇلچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان. پۇلنىڭ تۆۋەن تەرىپىنىڭ ئىككى چېتىگە پىلىڭ جىيۈەنىنىڭ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئىمزاسى قويۇلغان.

• 604. 10 دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى (مىنگونىڭ 32- يىلى باسمىسى). 1943- يىلى تارقىتىلغان. ئۆلچىمى 72 × 159 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شەھەر ئىمارەتلىرى ۋە ئىككى ماشىنىنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى راۋاقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ سول تەرىپىگە موڭغۇلچە ئۇششاق خەتلەر بىلەن «يېڭى چېگرا رايون تىجارەت» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە «سانائەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ، ئىككى چېتىگە موڭغۇلچە «ئون دوللار» دەپ يېزىلغان.

• 605. 50 دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى (مىنگونىڭ 28- يىلى باسمىسى) 1939- يىلى بېسىلىپ، 1943- يىلى (مىنگونىڭ 32- يىلى) پىڭ جىيۈەنىنىڭ ئىمزاسى بىلەن تارقىتىلغان . ئۆلچىمى 66 × 157 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئەمگەك قىلىۋاتقان ئىككى دېھقاننىڭ سۈرىتى، سول تەرىپىگە قارماق تۇتۇپ تۇرغان بىر ئادەم بىلەن بېلىق سانجىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. سول تەرىپىدىكى خەنزۇچە «50 يۈەن» دېگەنىنىڭ ئاستىدا «مەزكۇر پۇلغا 50 دوللار دۆلەت پۇلى بېرىلىدۇ» دېگەن سۆزلەر يېزىلمىغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇچاق چەمبەرنىڭ ئىچىگە بىر توپ قوي، تۆگە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى»، ئاستىغا موڭغۇلچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ، پۇلنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىگە موڭغۇلچە ھۆسنى خەت شەكلىدە «ئەللىك دوللار» دەپ يېزىلغان.

• 606. 100 دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى (مىنگونىڭ 28- يىلى باسمىسى) 1939- يىلى بېسىلىپ، 1943- يىلى (مىنگونىڭ 32- يىلى) پىڭ جىيۈەنىنىڭ ئىمزاسى بىلەن تارقىتىلغان. ئۆلچىمى 76 × 160 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە ئەر دېھقان بىلەن توقۇمىچى ئايالنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان (ئوڭ تەرەپتە ئەمگەك قىلىۋاتقان ئىككى دېھقان بىلەن تاماق ئېپكېلىۋاتقان بىر ئايالنىڭ سۈرىتى، سول تەرەپتە رەخت توقۇۋاتقان بىر ئايالنىڭ سۈرىتى بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى خەنزۇ كىيىمىنى كىيىگەن). ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆۋرۈك بىلەن تۇتاشقان سۇ ئۈستى راۋىقىنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان. ئالدى - ئارقا تەرەپلىرىدىكى سۈرەتلەر جۇڭگو ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن. ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى»، ئاستىغا سەككىز قاتار قىلىپ موڭغۇلچىسى يېزىلغان، پۇلنىڭ ئىككى يېنىغا يېزىلغان «100» نىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە «يۈز دوللار» دەپ، پۇلنىڭ ئىككى چېتىگە موڭغۇلچە «يۈز دوللار» دەپ يېزىلغان. مەزكۇر پۇل 1945- يىلى (مىنگونىڭ 34- يىلى) قايتا بېسىلىپ تارقىتىلغان چاغدا، ئارقا تەرىپىدىكى پىڭ جىيۈەنىنىڭ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئىمزاسى لۇيۈۋېنىنىڭ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئىمزاسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1946- يىلى (مىنگونىڭ 35- يىلى) يەنە بىر قېتىم بېسىپ تارقىتىلغاندا، بەت نۇسخىسىغا مىنگونىڭ 35- يىلى دەپ ئۆزگەرتىپ يېزىلغان.

• 607. 200 دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1945- يىلى (مىنگونىڭ 34- يىلى) بېسىلىپ، 1946- يىلى (مىنگونىڭ 35- يىلى) تارقىتىلغان. ئۆلچىمى 67 × 161 مىللىمېتىر، مەزكۇر پۇل گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن تارقىتىلغان ئۆلكە پۇلى. شۇ چاغدا ئۆلكە تەۋەسىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتە ئىنقىلاب پارتلاپ، يېڭى ئۆلكە پۇلى، فابى پۇلى، گوۋەنجىن پۇلىنى ئۈچ ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىش توختىتىلغانلىقتىن، بۇ پۇل ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا يەتتە ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىنغان. ئالدى تەرىپىگە سۈن جۇڭشەننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ تۈزۈم 1949- يىلى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆلكە پۇلى تارقىتىلغانغا قەدەر يۈرگۈزۈلگەن. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك ياغاچ كۆۋرۈك بىلەن دەرەخ سۈرىتى ئېلىنغان. يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ، ئاستىغا موڭغۇلچە سەككىز قاتار قىلىپ «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان. سۈرەتنىڭ ئوڭ - سول يېنىغا «200» دەپ يېزىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگىلا ئۇيغۇرچە «ئىككى يۈز دوللار» دەپ يېزىلغان، ئاستىغا لۇ يۈۋېنىنىڭ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئىمزاسى قويۇلغان. ئىلاۋە: (لۇ يۈۋېن ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا ئۆلكە رەئىسى بولغان مەزگىلدە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان). بۇ پۇل 1947- يىلى قايتا بېسىپ تارقىتىلغان چاغدا، ئارقا تەرىپىدىكى لۇ يۈۋېنىنىڭ ئىمزاسى قالدۇرۇلۇپ، جانىمقاننىڭ خەنزۇچە، قازاقچە ئىمزاسى قويۇلغان.

• 608. 500 دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1946- يىلى (مىنگونىڭ 35- يىلى) بېسىلىپ، 1947- يىلى (مىنگونىڭ 36- يىلى) دىن كېيىن تارقىتىلغان. ئۆلچىمى 71 × 162 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى بىناسى (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا- سانائەت بانكىسىنىڭ تەڭرىتاغ ئىش بېجىرىش ئورنى) نىڭ سۈرىتى ئېلىنغان. ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تى-

جارەت بانكىسى»، ئاستىغا موڭغۇلچە سەككىز قاتار قىلىپ «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان. سۈرەتنىڭ ئوڭ سول تەرىپىدىكى «500» نىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە «بەش يۈز دوللار» دەپ يېزىلغان. ئاستىغا جانىمقاننىڭ خەنزۇچە، قازاقچە ئىمزاسى قويۇلغان (جانىمقان جاڭ جىجوڭ شىنجاڭدا ئۆلكە رەئىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان).

609. 2000 دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1947- يىلى (مىنگونىڭ 36-يىلى) بېسىلىپ، شۇ يىلى 12- ئايدا تارقىتىلغان. ئۆلچىمى 63×153 مىللىمېتر . ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بۇغداي ئورىۋاتقان ماشىنىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئىككى مىڭ دوللار» دەپ يېزىلغان. مۇشۇ پۇلدىن باشلاپ ئارقا تەرىپىدىكى موڭغۇلچە خەت ئېلىپ تاشلىنىپ، ئالدى تەرىپى خەنزۇچە، ئارقا تەرىپى ئۇيغۇرچە چىقىرىلىدىغان تۈزۈم تۇرغۇزۇلغان .

610. 5000 دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى . 1947- يىلى (مىنگونىڭ 36- يىلى) بېسىلىپ ، 1948- يىلى (مىنگونىڭ 37- يىلى) 1- ئاينىڭ 22- كۈنى تارقىتىلغان. ئۆلچىمى 63×156 مىللىمېتر. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە چوڭ زاۋۇت بىناسى ۋە بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى»دەپ، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بەش مىڭ دوللار» دەپ يېزىلغان.

611. 10 مىڭ دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1947- يىلى ( مىنگونىڭ 36- يىلى) بېسىلىپ، 1948- يىلى (مىنگونىڭ 37- يىلى) 5- ئاينىڭ 24- كۈنى تارقىتىلغان.بۇ پۇل ئىچكىرىنىڭ گوۋەنجىن پۇلىغا ئوخشىتىپ ئۆرە شەكىلدە ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 148×72 مىللىمېتر . ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى يېرىمىغا ئورۇمچىدىكى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى باش بانكىسىنىڭ بىناسى ئېلىنغان. ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان. تۆۋەنكى يېرىمىغا «10.000» دېگەن رەقەم، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «ئون مىڭ دوللار» دەپ يېزىلغان.

612. 20 مىڭ دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1947- يىلى (مىنگونىڭ 36- يىلى) بېسىلىپ، 1948- يىلى (مىنگونىڭ 37- يىلى) 5- ئاينىڭ 31- كۈنى تارقىتىلغان. ئۆلچىمى 150×95 مىللىمېتر. ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى يېرىمىغا ئورۇمچىدىكى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى باش بانكىسىنىڭ بىناسى ئېلىنغان. ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ، تۆۋەنكى يېرىمىغا ئۇيغۇرچە «يىگىرمە مىڭ دوللار» دەپ يېزىلغان.

613. 100 مىڭ دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1948- يىلى ( مىنگونىڭ 37- يىلى) بېسىلىپ، شۇ يىلى 8- ئاينىڭ 23- كۈنى تارقىتىلغان. بۇ پۇل يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن بولۇپ ، ئۆلچىمى63×156 مىللىمېتر، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تاغ ئارىسىدا كېتىۋاتقان پويىز ۋە يۇقىرى بېسىملىق توك سىم جازىسى بىلەن ئاسماندىكى ئايروپىلاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «يۈز مىڭ دوللار» دەپ، يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان .

614. 200 مىڭ دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى . 1948- يىلى (مىنگونىڭ 37- يىلى) بېسىلىپ، شۇيىلى 9- ئاينىڭ 4- كۈنى تارقىتىلغان. بۇ يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن پۇل بولۇپ، ئۆلچىمى 69×155 مىللىمېتر . ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئېتىزدا بۇغداي ئورىۋاتقان ماشىنىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. يۇقىرىدىكى 2000 دوللارلىق پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى سۈرەت بىلەن ئوخشاش، پەقەت ئاسماندىكى ئىككى ئايروپىلاننىڭ سۈرىتى قوشۇلغان. سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئىككى يۈز مىڭ دوللار» دەپ، ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ يېزىلغان.

615. 500 مىڭ دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1948- يىلى ( مىنگونىڭ 37- يىلى) بېسىلىپ، شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى تارقىتىلغان. بۇ پۇل ئۆرە شەكىلدە ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 166×73 مىللىمېتر. ئارقا تەرىپىنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمىغا ئورۇمچىدىكى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى باش بانكىسىنىڭ بىناسى ئېلىنغان. ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» دەپ، ئاستىنقى يېرىمىغا ئۇيغۇرچە «بەش يۈز مىڭ دوللار» دەپ يېزىلغان.

616. بىر مىليون دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1948- يىلى (مىنگونىڭ 37- يىلى) بېسىلىپ، شۇ يىلى 11- ئاينىڭ 29- كۈنى تارقىتىلغان. ئۆرە شەكىلدە ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 168×73 مىللىمېتر. 1948- يىلى 12- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن ئېتىۋارەن، «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى» گومىنداڭ مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شۇڭا مەزكۇر پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە، ئارقا تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە بانكا ئىسمى، باش بانكىنىڭ سۈرىتىدىكى خەنزۇچە بانكا ئىسمىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكاسى» دەپ، ئۇنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە «بىر مىليون دوللار» دەپ يېزىلغان.

617. ئۈچ مىليون دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى، 1948- يىلى بېسىلىپ، شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 15- كۈنى تارقىتىلغان. بۇ پۇل يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۆلچىمى 62×148 مىللىمېتر. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى كېيىنكى يىلى 8- ئاينىڭ 19- كۈنى جىنيۇەن پۇلى (ئالتۇن پۇل) نى تارقىتىپ، ئۇنىڭ بىر دوللىرىنى ئۈچ مىليون قابى پۇلىغا سۇندۇرۇش نىسبىتى بويىچە، قىممىتى كۈندىن كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان قابى پۇلىنى يىغىۋالغان. يېڭى ئۆلكە پۇلى بىلەن

فابى پۇلىنىڭ مۇقىم نىسبىتى 1:5 بولغانلىقتىن، بىر دوللار جىنيۇەن پۇلى 600 مىڭ يېڭى ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلغان. مەزكۇر پۇل دەسلەپتە جىنيۇەن پۇلىغا چېتىلىپ، قىممىتى ئۈچ مىليون دوللار قىلىنىپ بەش دوللار جىنيۇەن پۇلىغا سۇندۇرۇلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا خەنزۇچە كىچىك خەت بىلەن «جىنيۇەن پۇلىغا بەش دوللار» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش بانكىنىڭ بىناسى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا ئۇيغۇرچە «ئۈچ مىليون دوللار» دەپ، يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسى» دەپ، ئاستىغا ئۇيغۇرچە كىچىك خەت بىلەن «جىنيۇەنگە 5 دوللار» دەپ يېزىلغان.

. 618. ئالتە مىليون دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى.1948- يىلى بېسىلىپ،1949- يىلى (مىنگونىڭ 38- يىلى ) 1- ئاينىڭ 8- كۈنى تارقىتىلغان، يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 70 × 158 مىللىمېتىر. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا باش بانكىسىنىڭ بىناسى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا ئۇيغۇرچە «ئالتە مىليون دوللار» دەپ، ئاستىغا ئۇيغۇرچە كىچىك خەت بىلەن «جىنيۇەنگە 10دوللار» دەپ يېزىلغان.

. 619. 30 مىليون دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1949- يىلى بېسىلىپ، شۇ يىلى 2- ئاينىڭ 17- كۈنى تارقىتىلغان. يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 62 ×145 مىللىمېتىر. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش بانكىنىڭ بىناسى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا ئۇيغۇرچە «ئوتتۇز مىليون دوللار» دەپ، ئاستىغا ئۇيغۇرچە كىچىك خەت بىلەن «جىنيۇەنگە 50دوللار»دەپ يېزىلغان.

. 620. 60 مىليون دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1949 - يىلى (مىنگونىڭ 38 - يىلى) بېسىلىپ، شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تارقىتىلغان. يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 62 × 144 مىللىمېتىر. ئارقا تەرىپىنىڭ سول تەرىپىگە ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش بانكىنىڭ بىناسى چۈشۈرۈلگەن. ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئاتمىش مىليون دوللار» دەپ سول تەرىپىگە سۈرەتنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە كىچىك خەت بىلەن «جىنيۇەنگە 100دوللار» دەپ، يۇقىرىسىغا«شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسى » دەپ يېزىلغان. مەزكۇر پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىگە بېسىلغان ۋاقتى يېزىلمىغان.

. 621. 600 مىليون دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى، 1949- يىلى بېسىلىپ، شۇ يىلى 4- ئاينىڭ 14- كۈنى تارقىتىلغان. يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 61 ×146 مىللىمېتىر . ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش بانكا بىناسىنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان. سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئالتە يۈز مىليون دوللار» دەپ ، ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسى » دەپ، ئوڭ تەرىپىدىكى سۈرەتنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە كىچىك خەت بىلەن «جىنيۇەنگە 1000 دوللار»دەپ يېزىلغان.

. 622. ئۈچ مىليارد دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1949- يىلى بېسىلىپ، شۇ يىلى 4- ئاينىڭ 27- كۈنى تارقىتىلغان. يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 60 ×144مىللىمېتىر. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش بانكا بىناسىنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئۈچ مىليارد دوللار» دەپ، ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسى » دەپ، ئوڭ تەرەپتىكى سۈرەتنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە كىچىك خەت بىلەن «جىنيۇەنگە 5000 دوللار» دەپ يېزىلغان. ئالدى تەرىپىگە پۇلنىڭ بېسىلغان ۋاقتى يېزىلمىغان.

. 623.ئالتە مىليارد دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلى. 1949- يىلى (مىنگونىڭ 38- يىلى) بېسىلىپ، شۇ يىلى 5- ئاينىڭ 10- كۈنى تارقىتىلغان. يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 61 × 140 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە بېسىلغان يىلى يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆلكىلىك باش بانكا بىناسىنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان. سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئالتە مىليارد دوللار» دەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسى» دەپ، ئوڭ تەرەپتىكى سۈرەتنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە كىچىك خەت بىلەن «جىنيۇەنگە 10.000 دوللار» دەپ يېزىلغان، جانىمقان (شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى) نىڭ خەنزۇچە، قازاقچە ئىمزاسى قويۇلغان. مەزكۇر پۇل شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇلى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ پۇل تارقىتىلىپ ئون كۈندىن كېيىن، شىنجاڭ دائىرىلىرى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، كۈمۈش پۇلنى پۇل بىرلىكى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۈمۈش پۇل تارقىتىپ، يېڭى ئۆلكە پۇلىنى يىغىۋالغان ۋە بېسىشنى توختاتقان.

. 624. مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئۆتىدىغان 50 دوللارلىق پۇلى. 1945- يىلى (مىنگونىڭ 34- يىلى) چۇڭچىڭ مەركىزىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان. يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 65 × 166 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى پۇل قىممىتىنىڭ ئەتراپىدىكى سۈرەت نۇسخىسى مىنگونىڭ 34 - يىلى بېسىلغان 200 دوللارلىق يېڭى ئۆلكە پۇلىدىكى سۈرەتكە ئوخشىتىلغان. بۇ سۈرەتنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ يۇقىرى، سول تەرىپىنىڭ تۆۋەن بۇرجىكىگە گومىنداڭ تارقاتقان قوشۇمچە مىس پۇلنىڭ يېرىم يۇملاق شەكلى چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «ئەللىك دوللار» دەپ، ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «مەركىزىي بانكىسى» دەپ، ئاستىغا ئۇيغۇرچە «چىنى تۈركىستاندا ئۆتەدۇر» دەپ يېزىلغان. ئىلاۋە: مەزكۇر پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە خەتلەر قولدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى شۇ چاغدا چۇڭچىڭدىكى پانتۈركىست مەسئۇت ئۇيغۇرچىغا

تەرجىمە قىلىنغان ۋە يازغان.

• 625. مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئوتتەدىغان 100 دوللارلىق پۇلى. مەزكۇر پۇلنىڭ بېسىلغان ۋاقتى، ئورنى، ئۆلچىمى ۋە ئاساسىي سۈرەت نۇسخىلىرى يۇقىرىدىكى 50 دوللارلىق پۇل بىلەن ئوخشاش. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «يۈز دوللار» دەپ يېزىلغان. بۇ ئىككى خىل پۇل تارقىتىلىپلا دەرھال يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن، جەمىيەتتە ساقلىنىپ قالغان سانى ناھايىتى ئاز.

• 626. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر دوللارلىق كۈمۈش تەڭگىسى. مىنگونىڭ 38- يىلى قۇيۇلغان. ئالدى تەرىپىدىكى خەت قوش سىزىق بىلەن يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى «١» خېتى بۇرجەكلىك يېزىلغان. 1949- يىلى (مىنگونىڭ 38- يىلى) 5- ئاينىڭ 20- كۈنى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا كىرىشكەندىن باشلاپ 9- ئاينىڭ 25- كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر بولغان بىر مەزگىل ئىچىدە، ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پۇل قۇيۇش زاۋۇتىدا قۇيۇلۇپ، 5- ئاينىڭ 20- كۈنى رەسمىي تارقىتىلغان. شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتلىرىدىن باشقا يەتتە ۋىلايەتتە خەجلەنگەن. دىئامېترى 39.2 مىللىمېتر، قېلىنلىقى 2.5 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 26.4 گرام. بەلگىلىمىدىكى ئېغىرلىقى خەزىنە ئۆلچىمىدە 7.2 مىسقال، 26.86 گرام، تەركىبى 90% ساپ كۈمۈش بولغان. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خەنزۇچە «بىر يۈەن» دەپ قوش سىزىقلىق خەت بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭ ئاستىغا «مىنگونىڭ 38 - يىلى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «1 دوللار» دەپ يېزىلغان. «١» خېتىنىڭ ئاستىنقى سىزىقى چاسا بۇلۇڭلۇق يېزىلغان. چۆرىسىگە ئايلاندۇرۇپ ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك پۇل قۇيۇش زاۋۇتىدا قۇيۇلدى» دەپ، ئاستىغا «1949» دەپ يېزىلغان. شىنجاڭنىڭ كۈمۈش پۇللىرىدا بۇرۇن تەڭگە پۇل تۈزۈمىدىكى سەر، مىسقال، پۇڭ ئۆلچىمى ھېساۋات بىرلىكى قىلىنغان . «يۈەن» (دوللار) ھېساۋات بىرلىكى قىلىنغان پۇل پەقەت مۇشۇلا بولۇپ، تارىختىمۇ بىرىنچى قېتىم كۆرۈلگەن.

• 627. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر دوللارلىق كۈمۈش تەڭگىسى، مىنگونىڭ 38 - يىلى قۇيۇلغان، ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە خەت توق يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى «١» خېتى بۇرجەكلىك يېزىلغان. باشقا جايلىرى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 628. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر دوللارلىق كۈمۈش تەڭگىسى ، مىنگونىڭ 38 - يىلى قۇيۇلغان. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە خەت توق يېزىلغان، ئارقا تەرىپىدىكى «١» خېتى ئۇچلۇق يېزىلغان. دىئامېترى 39.2 مىللىمېتر، قېلىنلىقى 2.5 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 26.8 گرام. قۇيۇلغان ۋاقتى، ئورنى ۋە خەجلەنگەن رايونلىرى يۇقىرىدىكى خەتلىرى قوش سىزىقلىق بۇرجەكلىك يېزىلغان، بىر دوللارلىق پۇل بىلەن ئوخشاش. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «بىر يۈەن» دېگەن خەت توق يېزىلغان، ئۇنىڭ ئاستىغا «مىنگونىڭ 38 - يىلى» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «1 دوللار» دەپ يېزىلغان، «١» خېتىنىڭ ئاستى ئۇچلۇق يېزىلىپ، تېگىگە «1949» دەپ يېزىلغان.

• 629. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر دوللارلىق كۈمۈش تەڭگىسى، 1949- يىلى قۇيۇلغان. ئالدى تەرىپىدىكى خەت توق يېزىلغان، ئارقا تەرىپىدىكى «١» خېتى ئۇچلۇق يېزىلغان. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن تارتىپ يىلنىڭ ئاخىرغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پۇل قۇيۇش زاۋۇدىدا قۇيۇلغان. خەجلەنگەن رايونى يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش. دىئامېترى 39.2 مىللىمېتر، قېلىنلىقى 2.5 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 26.8 گرام. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەنزۇچە «بىر يۈەن» دېگەن خەت توق يېزىلغان، ئۇنىڭ ئاستىدىكى « مىنگونىڭ 38 - يىلى» دېگەن يىلنامە «1949» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «1 دوللار» دەپ يېزىلغان، «١» خېتىنىڭ ئاستى ئۇچلۇق چىققان، تېگىگە «1949» دەپ يېزىلغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يېڭى قۇيۇلغان كۈمۈش پۇللارغا مىنگو يىلنامىسى يېزىلماي، مىلادى يىلنامىسى يېزىلغان، شۇڭا بۇ پۇلنىڭ ئالدى - كەينىگە «1949» دەپ يېزىلغان.

• 630. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر دوللارلىق كۈمۈش تەڭگىسى. 1949 - يىلى قۇيۇلغان. ئالدى تەرىپىدىكى خەنزۇچە «بىر يۈەن» دېگەن خەت توق يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى «١» خېتى ئۇچلۇق چىققان، بۇ پۇلنىڭ يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۇلدىكى خەنزۇچە «四» (تۆت) خېتىنىڭ سول تەرەپ يۇقىرىسى تۆتاشماي ئوچۇق يېزىلغان.

• 631. شىنجاڭنىڭ بىر سىنتلىق كۈمۈش پۇلى، 1949 - يىلى (مىنگونىڭ 38 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن تارقىتىلغان، ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ پۇل قۇيۇش زاۋۇدىدا بېسىلغان. شۇ يىلى يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن باشقا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى 7 ۋىلايەتتە خەجلەنگەن، ئۆلچىمى 47×100 مىللىمېتر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورمانلىقنىڭ سۈرىتى بار. ئۇنىڭ ئاستىغا خەنزۇچە «يۈز سىنتكە بىر كۈمۈش دوللار پۇل بېرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە « بىر سىنت» دەپ، ئۇنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسى» دەپ يېزىلغان. تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىككى قۇرغا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك كۈمۈش پۇل»، «يۈز

سىنتكە بىر كۈمۈش دوللار تۆلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان.

. 632. شىنجاڭنىڭ بەش سىنتلىق كۈمۈش پۇلى. ئۆلچىمى 51×106 مىللىمېتىر، ئالدى ، ئارقا تەرەپلىرىدە سۈرەت يوق، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «بەش سىنت» دەپ يېزىلغان. يۇقىرى - تۆۋەن قىسمىدىكى ئۇيغۇرچە خەتلەر بىر سىنتلىق پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 633. شىنجاڭنىڭ 10 سىنتلىق كۈمۈش پۇلى. ئۆلچىمى 58 ×113 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىگە يىراقتىكى قارلىق تاغ بىلەن يېقىن ئېتىزلىقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئاستىغا خەنزۇچە «يۈز سىنتكە بىر كۈمۈش دوللار تۆلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەرەبچە «10» ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئون» ، سول تەرىپىگە «سىنت» دەپ يېزىلغان. يۇقىرى - تۆۋەن تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە خەتلەر بىر سىنتلىق پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 634. شىنجاڭنىڭ 20 سىنتلىق كۈمۈش پۇلى. ئۆلچىمى 56 ×113 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە دەريا، ئورمانلىق ۋە يىراقتىكى تاغنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن . ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «20» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىغا ئۇيغۇرچە «يىگىرمە»، سول يېنىغا ئۇيغۇرچە «سىنت» دەپ يېزىلغان. پۇلنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىگە جۈگگوچە ئۇسلۇپتا تاغ - دەريالارنىڭ كۆرۈنۈشى ئېلىنغان. يۇقىرى - تۆۋەن تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە خەتلەر 10 سىنتلىق پۇل بىلەن ئوخشاش.

. 635. شىنجاڭنىڭ 50 سىنتلىق كۈمۈش پۇلى. ئۆلچىمى 56 ×112 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يالغۇز ئاتنا يەر ئاغدۇرۇۋاتقان دېھقاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ سۈرەت بىر دوللارلىق پۇلنىڭ سول تەرىپىدىكى سۈرەت بىلەن ئوخشاش. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىلە بېقىۋاتقان ئايالنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئەللىك» دەپ ، سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «سىنت» دەپ يېزىلغان. يۇقىرى - تۆۋەن تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە خەتلەر ئون سىنتلىق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش.

. 636. شىنجاڭنىڭ بىر دوللارلىق كۈمۈش پۇلى . جانىمقان ئىمزا قويغان . ئۆلچىمى 55×134 مىللىمېتىر ، ئالدى تەرىپىنىڭ سول تەرىپىگە يالغۇز ئاتتا يەر ئاغدۇرۇۋاتقان، ئوڭ تەرىپىگە قوش ئاتلىق ئورۇش ماشىنىسىدا بۇغداي ئورۇۋاتقان دېھقاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئاستىغا خەنزۇچە «بۇ پۇلغا بىر دوللار كۈمۈش پۇل تۆلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ سول تەرىپىگە ئورمانلىقنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان. ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بىر دوللار» دەپ، يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسى» دەپ، تۆۋەن تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك كۈمۈش پۇل» دەپ، سول تەرىپىگە «ئۇشبۇ پۇلغا بىر دوللار كۈمۈش پۇل تۆلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان. پۇلنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە جانىمقاننىڭ خەنزۇچە، قازاقچە ئىمزاسى قويۇلغان .

. 637. شىنجاڭنىڭ بىر دوللارلىق كۈمۈش پۇلى. بەي ۋېنيۈ ئىمزا قويغان. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25- كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقاندىن تارتىپ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بولغان مەزگىل ئىچىدە ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ باسما زاۋۇتىدا ئەسلىدىكى قېلىپى بىلەن قايتا بېسىلغان، بۇ پۇلدا پەقەت ئىمزا ئۆزگەرگەن. 1949 - يىلى يىلنىڭ ئاخىرغىچە شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن باشقا يەتتە ۋىلايەتتە خەجلەنگەن. بۇ پۇلغا بەي ۋېنيۈ ئىمزا قويغان (بەي شۇ چاغدا تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئىدى، سابىق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان قېچىپ كەتكەندىن كېيىن بەي مۇۋەققەت نازىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان).

. 638. شىنجاڭنىڭ بەش دوللارلىق كۈمۈش پۇلى. 1950 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ باسما زاۋۇدىدا بېسىلغان، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان، پۈتۈن ئۆلكە ئىچىدە ئوبوروت قىلىنغان. ئۆلچىمى 60×150 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىنىڭ سول تەرىپىدىكى قارلىق تاغ، ئېتىزلىقلارنىڭ سۈرىتى 10 سىنتلىق پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى كۆرۈنۈش بىلەن تامامەن ئوخشاش. ئوڭ تەرىپىدىكى دەريا، ئورمانلىقنىڭ سۈرىتى 20 سىنتلىق پۇلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كۆرۈنۈش بىلەن تامامەن ئوخشاش. تۆۋەن تەرىپىگە «بۇ پۇلغا بەش دوللار كۈمۈش پۇل بېرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. چۈنكى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ، كۈمۈش پۇل شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق قانۇنى پۇلى بولىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇنى ئايرىۋاشلاش توختىتىلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان، ئارقا تەرىپىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئورمانلىقنىڭ سۈرىتى بىر دوللارلىق پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى سۈرەت بىلەن ئوخشاش. ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بەش دوللار» دەپ يېزىلغان. يۇقىرى - تۆۋەن قىسمىدىكى ئۇيغۇرچە خەتلەر بىر دوللارلىق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش. پەقەت «ئۇشبۇ پۇلغا بەش دوللار كۈمۈش پۇل تۆلىنىدۇ» دېگەن سۆز يوق، پۇلنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە شىڭ لەنشىڭنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىمزاسى قويۇلغان (شىڭ شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى).

. 639. شىنجاڭنىڭ 10 دوللارلىق (چوڭ تىپتىكى) كۈمۈش پۇلى، بېسىلغان ۋاقتى، ئورنى ۋە خەجلەنگەن رايونى يۇقىرىدىكى بەش دوللارلىق پۇل بىلەن ئوخشاش. ئۆلچىمى 76×153 مىللىمېتىر، ئالدى تەرىپىنىڭ سول تەرىپىدە پويىزنىڭ، ئوڭ تەرىپىدە پاراخوتنىڭ سۈرىتى بار. ئارقا تەرىپىدىكى سۈرەتلەر ۋە خەتلەر يۇقىرىدىكى بەش دوللارلىق پۇل بىلەن ئوخشاش. پەقەتلا «بەش دوللار» «ئون دوللار» غا ئۆزگەرتىلگەن.

• 640. شىنجاڭنىڭ ئون دوللارلىق (كىچىك تىپتىكى) كۆمۈش پۇلى. بېسىلغان ۋاقتى، ئورنى ۋە خەجلەنگەن رايونى يوقىرىدىكى چوڭ تىپى بىلەن ئوخشاش. ئۆلچىمى 65×130 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سۇ كالىسى بىلەن يەر ھەيدەۋاتقان دېھقاننىڭ سۈرىتى، سول تەرىپىدە بەش دېھقاننىڭ شال مايسىسى كۆچۈرۈۋاتقان سۈرىتى بار. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زاۋۇت بىناسىنىڭ سۈرىتى بار. بۇ سۈرەتنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە «10» دەپ يېزىلغان. ئۇيغۇرچىسى يېزىلمىغان. يۇقىرى - تۆۋەن قىسمىدىكى ئۇيغۇرچە خەتلەر يۇقىرىدىكى چوڭ تىپى بىلەن ئوخشاش.

• 641. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 100 دوللارلىق ۋاقىتلىق چېكى (كەمتۈك) . شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى) 1945- يىلى 1- ئايدا 100 دوللارلىق، 300 دوللارلىق، 500 دوللارلىق، 1000 دوللارلىق تۆت خىل ۋاقىتلىق چەك تارقىتىپ، ئۇنى گومىنداڭنىڭ يېڭى ئۆلكە پۇلى، گومىنجىن پۇلى قاتارلىقلار بىلەن تەڭ قىممەتتە ئوبوروت قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكى ئاساسەن ئىلى رايونىدا ئوبوروت قىلىنغان. 100 دوللارلىق ۋاقىتلىق چەك قىزغۇچ رەڭدە بولۇپ، چەتنىڭ قەغىزىگە يانتۇ شەكىلدە مىخ مەتبەدە بېسىلغان. ئۆلچىمى 74×144 مىللىمېتر. ئالدى - ئارقا تەرەپلىرىگە ئۇيغۇرچە، رۇسچە ئىككى خىل يېزىق قوللىنىلغان، بېسىلىشى ئاددىي بولۇپ، پەقەت تۆت بۇرجىكىدىلا ئاددىي گۈل نۇسخىسى بار. ئالدى تەرىپىدىكى خەتلەر توق قىزىل رەڭدە يېزىلغان. ئوتتۇرىسىغا «100» دەپ چوڭ يېزىلغان ، ئىككى يېنىغا ئەرەبچە رەقەم «100»، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە «يۈز»، سول تەرىپىنىڭ ئۈستىگە «دوللار» دەپ يېزىلغان. ئاستىغا رۇسچە «يۈز دوللار» دەپ، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «مالىيە ھەم خەلق خوجىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى» دەپ يېزىلغان، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا سۇس سۆسۈنە رەڭدە «فاتىمخ» دەپ ئىمزا قويۇلغان. سول تەرىپىنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە «باش بوغالتىر» دەپ يېزىلىپ، ئۇلاپلا ئۇيغۇرچە ئىمزا قويۇلغان. پۇلنىڭ سول تەرىپىدە بىر پارچە بوش جاي بار. ئوڭ - سول تەرىپىنىڭ تۆۋەنكى بۇرجەكلىرىدىكى گۈل نۇسخىسىنىڭ ئۈستىگە «1945» دەپ يېزىلغان، تۆۋەن تەرىپىگە ئۇيغۇرچە ئۈچ قۇر خەت يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەر قېنىق كۆك رەڭدە يېزىلغان، يۇقىرى قىسمىنىڭ مەزمۇنى ئوڭ تەرىپىدىكى بىلەن ئوخشاش. لېكىن سول تەرىپىدىكى بوش جايغا ئاي، يۇلتۇزلۇق قىزىل تامغا بېسىلغان، تامغىنىڭ دىئامېترى 28 مىللىمېتر . ئاي، يۇلتۇزنىڭ چۆرىسىدە ئىككى چەمبەر بولۇپ، ئىچكى چەمبەرگە روسچە، سىرتقى چەمبەرگە ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان. بۇ خەتلەر تۇتۇق بولغاچقا، ئوقۇغىلى بولمايدۇ. تۆۋەنكى يېرىمىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «دۆلەت بانكا مۇدىرى» دەپ يېزىلغان. سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە ئىمزا تامغىسى بېسىلغان. سول تەرىپىنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە «كاسسىر» دەپ يېزىلغان، ئۇلاپلا سۇس سۆسۈنە رەڭدە ئۇيغۇرچە ئىمزا تامغىسى بېسىلغان. تېگىگە ئۈچ قۇر روسچە خەت يېزىلغان. مەزمۇنى ئالدى تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچىسى بىلەن ئوخشاش. ئاستىدىكى ئىككى بۇرجەككە ئېلىنغان گۈلنىڭ ئۈستىگىمۇ «1945» دەپ يېزىلغان.

• 642. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 300 دوللارلىق ۋاقىتلىق چېكى. چەتنىڭ ئاق قەغىزىگە ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان. ئۆلچىمى 85×180 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىدىكى سۈرەت، خەتلەر قېنىق قىزىل رەڭدە، ئارقا تەرىپىدىكى سۈرەت ، خەتلەر قېنىق كۆك رەڭدە بېسىلغان. سۈرەت ، خەتلەرنىڭ مەزمۇنى 100 دوللارلىق پۇلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. پەقەت قىممىتىگە «300» دەپ يېزىلغان. ئالدى - ئارقا تەرىپىنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە بىر قۇر، رۇسچە بىر قۇر خەت يېزىلغان. خەتلەرنىڭ مەزمۇنى 100 دوللارلىق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش. ئالدى تەرىپىنىڭ سول تەرىپىدىكى بوش جايىغا دىئامېترى 29 مىللىمېترلىق ئاي، يۇلتۇزلۇق يېشىل تامغا بېسىلغان ھەمدە يىڭنە بىلەن «300» دېگەن سان چېكىلگەن. تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىككى جايغا كىچىك يېشىل ئىمزا تامغىسى بېسىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ سول تەرىپىگە دىئامېترى 39 مىللىمېترلىق ئاي، يۇلتۇزلۇق يېشىل تامغا بېسىلغان، ئۇنىڭ ئاستىغا ئىككى يېشىل ئىمزا تامغىسى بېسىلغان. ئالدى - ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ - سول گىرۋىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يانتۇ قىلىپ «1945» دەپ يېزىلغان.

• 643. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 1000 دوللارلىق ۋاقىتلىق چېكى. چەتنىڭ ئاق قەغىزىدە ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان. ئۆلچىمى 102×200 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىدىكى خەتلەر توق قىزىل رەڭدە، ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەر قېنىق كۆك رەڭدە يېزىلغان، خەتلەرنىڭ مەزمۇنى 300 دوللارلىق ۋاقىتلىق چەكتىكى بىلەن ئوخشاش. ئوتتۇرىسىغا ئەرەبچە رەقەم بىلەن «1000» دەپ، ئۇنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بىر مىڭ دوللار» دەپ يېزىلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا ئىككى جايغا قويۇلغان ئىمزانىڭ ئالدىغا «دۆلەت بانكا مۇدىرى»، «باش كاسسىر» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە «مالىيە ھەم خەلق خوجىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى» ۋە «باش بوغالتىر» دەپ يېزىلغان. ئىمزالار ئويما مەتبەئەدە چىقىرىلغان، ئايرىم تامغا قىلىپ بېسىلمىغان. ئالدى تەرىپىنىڭ سول چېتىدىكى بوش جايىغا ئاي، يۇلتۇزلۇق يېشىل تامغا بېسىلغان (دىئامېترى 29 مىللىمېتر)، ئارقا تەرىپىنىڭ سول چېتىگە چوڭ ئاي، يۇلتۇزلۇق يېشىل تامغا بېسىلغان، دىئامېترى 39 مىللىمېتر، لېكىن يىڭنە بىلەن سان چېكىلمىگەن، ئوڭ تەرىپىدىكى بوش جايغا تامغا بېسىلمىغان. ئالدى - ئارقا تەرەپلىرىنىڭ ئاستىغا بىر قۇر ئۇيغۇرچە، بىر قۇر رۇسچە خەت يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى 100 دوللارلىق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش. ئوڭ

ـ سول گىرۋىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يانتۇ قىلىپ «1945» دەپ يېزىلغان.

• 644. تامغا بېسىلغان يۈز دوللارلىق ئۆلكە پۇلى. يېڭى ئۆلكە پۇلى بولۇپ، 1939- يىلى (مىنگونىڭ 28- يىلى) بېسىلىپ، 1943- يىلى تارقىتىلغان. ئارقا تەرىپىدە پېڭ جىبۇەنىنىڭ ئىمزاسى بار. ئۆلچىمى 76×160 مىللىمېتر، ئارقا تەرىپىدىكى سۈرەتنىڭ سول يېنىغا ئاي، يۇلتۇزلۇق قىزىل تامغا بېسىلغان. 1945- يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىنغان پۇللارنىڭ ئىچىدە مەزكۇر پۇل قىممىتى ئەڭ چوڭ پۇل ھېسابلىنىدۇ. پۇلنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان يۇملاق تامغىنىڭ دىئامېترى 41 مىللىمېتر، تامغا ئوتتۇرىسىدا يېرىم ئاينىڭ سۈرىتى بىلەن بىر بەش يۇلتۇز بار. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئىككى قۇر ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان، لېكىن تامغا ئېنىق بېسىلمىغاچقا خەتلەرنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئەڭ چېتىگە ئىككى قۇر سىزىق تارتىلغان.

• 645. تامغا بېسىلغان 50 دوللارلىق ئۆلكە پۇلى. يېڭى ئۆلكە پۇلى بولۇپ، 1939- يىلى (مىنگونىڭ 28- يىلى) بېسىلىپ، 1943- يىلى تارقىتىلغان، ئارقا تەرىپىدە پېڭ جىبۇەنىنىڭ ئىمزاسى بار. ئۆلچىمى 66×157 مىللىمېتر. ئاي، يۇلتۇزلۇق قىزىل سۈرۈخ تامغا ئارقا تەرىپىدىكى سۈرەتنىڭ ئوڭ يېنىغا بېسىلغان.

• 646. تامغا بېسىلغان 50 دوللارلىق ئۆلكە پۇلى. بۇ قوشۇمچە سوقىچاق كۆك تامغا بېسىلغان يېڭى ئۆلكە پۇلى بولۇپ، 1939- يىلى (مىنگونىڭ 28- يىلى) بېسىلىپ، 1943- يىلى تارقىتىلغان. ئارقا تەرىپىدە پېڭ جىبۇەنىنىڭ ئىمزاسى بار. ئۆلچىمى 66×157 مىللىمېتر. كۆك تامغىدىكى خەتلەر تۇتۇق، پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. تامغا ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېسىلغان.

• 647. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 2000 دوللارلىق ۋاقىتلىق چېكى. 1947- يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسى (ئىلى ناھىيىسىدە) بېسىپ تارقاتقان. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە خەجلەنگەن، ئاق داۋلىن قەغىزىگە سىنكا مەتبەئەدە بېسىلغان. يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 79×170 مىللىمېتر، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىلى ئۇن زاۋۇتى بىلەن ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۈستى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئىككى مىڭ» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دەپ يېزىلغان، سول تەرىپىگە مانجۇچە «ئىككى مىڭ سوم»، ئوڭ تەرىپىگە موڭغۇلچە «ئىككى مىڭ سوم» دەپ يېزىلغان. تۆۋەن قىسمىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە تامغا ئورنىدا قىزىل رەڭدە ئۇيغۇرچە ئىمزا قويۇلغان، سول تەرىپىگە ئابدۇررەئۇف مەخسۇم دەپ يېزىلغان (ئىلى شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى، بۇ ئىمزا ئالدى تەرىپىنىڭ ئوڭ ئاستى تەرىپىگىمۇ قويۇلغان). ئوڭ تەرىپىدىكىسى ئۆمەر بەك ھاجى دەپ يېزىلغان (ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ باش خەزىنىچىسى، بۇ ئىمزا ئالدى تەرىپىنىڭ سول ئاستى تەرىپىگىمۇ قويۇلغان). ئىلاۋە: بۇ پۇلنىڭ ئالدى ـ ئارقا تەرەپلىرىدە پەقەت قىممەت سانلىرىلا كۆرسىتىلگەن، پۇل بىرلىكى كۆرسىتىلمىگەن. لېكىن ئەمەلىيەتتە «دوللار» بويىچە ھېسابلانغان. تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل چەكنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭدىن سىرت، ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرىسىغا «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ...... » دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ ئالدىغا «شىنجاڭ» دېگەن سۆز يېزىلمىغان.

• 648. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 2500 دوللارلىق ۋاقىتلىق چېكى. بېسىلغان ۋاقتى، ئورنى ۋە خەجلەنگەن رايونى يۇقىرىدىكى 2000 دوللارلىق پۇل بىلەن ئوخشاش. ئۆلچىمى 75×149 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۈرىسىگە بىر تەخسە ئۈزۈم ئالغان بىر دېھقاننىڭ سۈرىتى بىلەن تۇرپاندىكى ئىمىن مۇنارىسى چۈشۈرۈلگەن. ئۈستى تەرىپىگە موڭغۇلچە «ئۆلكىلىك سودا ـ سانائەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق پۇلى» دېگەن خەت يېزىلغان. سول تەرىپىگە مانجۇچە «ئىككى مىڭ بەش يۈز دوللار» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە موڭغۇلچە «ئىككى مىڭ بەش يۈز دوللار» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «2500» دېگەن سان يېزىلىپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئىككى مىڭ» دەپ، سول تەرىپىگە «بەش يۈز» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دەپ يېزىلغان. تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىمزالار يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش.

• 649. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 3000 دوللارلىق ۋاقىتلىق چېكى. ئۇنىڭ بېسىلغان ۋاقتى، ئورنى ۋە ئوبوروت قىلىنغان رايونى 2000 دوللارلىق پۇل بىلەن ئوخشاش. ئۆلچىمى 79×175 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىلى بانكىسىنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان، ئۈستىگە ئۇيغۇرچە «ئۈچ مىڭ» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ سول تەرىپىگە ئۈچ قاتار قىلىپ مانجۇچە «ئۈچ مىڭ دوللار» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە موڭغۇلچە «ئۈچ مىڭ دوللار» دەپ يېزىلغان. يۇقىرى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دەپ يېزىلغان. ئالدى ـ ئارقا تەرىپىدىكى ئىمزالار 2000 دوللارلىق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش.

• 650. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 100 دوللارلىق ۋاقىتلىق چېكى. 1948- يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسى بېسىپ تارقاتقان. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە خەجلەنگەن، ئاق داۋلىن قەغىزىگە سىنكا مەتبەئەدە بېسىلغان. يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 73×125 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «يۈز» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىدىكى يۇملاق چەمبەر ئىچىگە «100» دېگەن رەقەم بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ يېزىلغان، ئەتراپىغا چۆرگىلىتىپ ئۇيغۇرچە، «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك

شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دەپ، ئاستىغا ھىجرىيىنىڭ «1367» يىلى دەپ يېزىلغان (مىلادى 1947 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 1948 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە). سول يېنىغا مانجۇچە «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق پۇلى» دەپ، ئوڭ يېنىغا موڭغۇلچە «ئۆلكىلىك سودا ـ سانائەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق پۇلى» دەپ يېزىلغان.

• 651. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 300 دوللارلىق ۋاقىتلىق چېكى. ئارقا تەرىپى قىزىل. بېسىلغان ۋاقتى، ئورنى ۋە خەجلەنگەن رايونى 100 دوللارلىق چەك بىلەن ئوخشاش. ئۆلچىمى 80×140 مىللىمېتىر. ئالدى تەرىپىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئۇيغۇرچە «ئۈچ يۈز» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپى قىزىل رەڭدە بېسىلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «ئۈچ يۈز» دەپ چوڭ يېزىلغان. ئۇنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە «ئۈچ يۈز دوللار» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە موڭغۇلچە «ئۈچ يۈز دوللار» دەپ، يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك» دەپ، تۆۋەن تەرىپىگە « شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دەپ يېزىلغان.

• 652. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 300 دوللارلىق ۋاقىتلىق چېكى. يۇقىرىدىكى پۇلغا ئوخشايدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۇلنىڭ ئارقا تەرىپى كۆك رەڭدە بېسىلغان.

• 653. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 500دوللارلىق ۋاقىتلىق چېكى. بېسىلغان ۋاقتى، ئورنى ۋە ئوبوروت قىلىنغان رايونى 100 دوللارلىق پۇل بىلەن ئوخشاش. ئۆرە شەكىلدە ئىشلەنگەن. ئۆلچىمى 137×76 مىللىمېتىر. ئالدى تەرەپكە ئىككى ئاتلىق ساپاندا يەر ھەيدەۋاتقان دېھقاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۈستۈنكى يېرىمىغا ئۇيغۇرچە «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دەپ، ئاستىنقى يېرىمىغا ئۇيغۇرچە «بەش يۈز» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمىغا بۇغداي ئورىۋاتقان دېھقانلارنىڭ، ئاستىنقى يېرىمىغا بۇغداي ئورۇۋاتقان ماشىنىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۈستۈنكى يېرىمىنىڭ سول تەرىپىگە موڭغۇلچە «بەش يۈز» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە مانجۇچە «بەش يۈز » دەپ يېزىلغان. ئاستىنقى يېرىمىدىكى «500» دېگەن رەقەمنىڭ ئۈستىگە ئەرەبچە «1367» دەپ يېزىلغان (مىلادى 1947 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15- كۈنىدىن 1948 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ).

• 654. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 1000 دوللارلىق ۋاقىتلىق چېكى. بېسىلغان ۋاقتى، ئورنى ۋە ئوبوروت قىلىنغان رايونى 100 دوللارلىق چەك بىلەن ئوخشاش. يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 73×143 مىللىمېتىر. ئالدى تەرەپىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىگە ئۇيغۇرچە «بىر مىڭ» دەپ، يۇقىرىسىغا ئۇيغۇرچە «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دەپ يېزىلغان. ئوڭ تەرەپىنىڭ ئاستىغا ئەرەبچە «1367» دەپ يېزىلغان. ئارقا تەرىپىگە ئۈي ـ ئىمارەتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. سۈرەتنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە بەش قۇر قىلىپ، ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق پۇلى» دەپ، ئوڭ تەرىپىگە موڭغۇلچە بەش قۇر قىلىپ، «ئۆلكىلىك سودا- سانائەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق پۇلى» دەپ يېزىلغان. مانجۇچە، موڭغۇلچە خەتلەرنىڭ لاتىنچە يېزىلىشى 100 دوللارلىق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش. سول تەرەپتىكى گۈل نۇسخىسىنىڭ ئىچىگە مانجۇچە «مىڭ» دەپ، ئوڭ تەرەپتىكى گۈل نۇسخىسىنىڭ ئىچىگە موڭغۇلچە «مىڭ» دەپ يېزىلغان.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چەكلىرى 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدىلا خەجلەنگەن. ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭنىڭ باشقا يەتتە ۋىلايىتىدە خەجلەنگەن كۈمۈش پۇل بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلمىغان ھەم بىر- بىرىگە سۇندۇرۇلمىغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى 2- ئايدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، كۈمۈش پۇل بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىنىڭ تۇراقلىق سېلىشتۇرما باھاسى بويىچە بىر دوللار كۈمۈش پۇلنىڭ 1.250 دوللار ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىگە سۇندۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئىككى خىل پۇلنى پۈتۈن ئۆلكە ئىچىدە تەڭ ئوبوروت قىلىشنى بەلگىلىگەن. كېيىن شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىنى ئالدى بىلەن كۈمۈش پۇلغا بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىنى يىغىۋېلىش، ئالماشتۇرماسلىق چارىسىنى قوللاندى. 1951- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى ئۇيغۇرچە خېتى بار خەلق پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن، سېلىشتۇرما باھا بويىچە بىر دوللار كۈمۈش پۇلغا 350 يۈەن خەلق پۇلى تۆلەش ئارقىلىق، كۈمۈش پۇل يىغىۋېلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پۇل تۈزۈمى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن.

# قوشۇمچە

• 655. كۇشان پۇلى. دىئامېترى 27 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 3 مىللىمېتىر، شەكلى يۇمىلاق، تۆشۈكسىز. كىرورمن قەدىمكى شەھەر خارابىلىقىدىن تېپىلغان.

• 656. ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) ئالتۇن پۇلى. دىئامېترى 17 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 0.4 گىرام. 1976- يىلى تۇرپان قاراخوجىدىكى 105- نومۇرلۇق تاڭ دەۋرىنىڭ قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان.

• 657. شاپۇر II نىڭ كۈمۈش پۇلى(مىلادى 310 — 379- يىللار)، پىرسىيە (ئىران) ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ پۇلى. دىئامېترى 29 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 4.2 گىرام. ئالدى تەرىپىگە پادىشاھنىڭ يېرىم گەۋدە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. پادىشاھنىڭ ئىسمى شاپۇر، مۇقەددەس شاپۇر دەپمۇ ئاتالغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتەشپەرەسلەرنىڭ نەزىر- چىراق سۇپىسى، سۇپىنىڭ ئىككى يېنىغا كاھىننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. سۇپىنىڭ يۇقىرىسىدا ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ خۇداسى ئۇماستىنىڭ يېرىم گەۋدە سۈرىتى بار.

• 658. شاپۇر II نىڭ كۈمۈش پۇلى، دىئامېترى 25 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 4.26 گىرام.

• 659. شاپۇر II نىڭ كۈمۈش پۇلى. دىئامېترى 22 — 23 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى، 4.25 گىرام.

• 660. شاپۇر II نىڭ كۈمۈش پۇلى. دىئامېترى 27 — 28 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 4.25 گىرام.

• 661. ئەردەشىر II نىڭ كۈمۈش پۇلى (مىلادى 379 — 383 يىللار)، پىرسىيە (ئىران) ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ پۇلى. دىئامېترى 28 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 4.2 گىرام. ئالدى تەرىپىگە «ئۇماستقا چوقۇنغۇچى، مۇقەددەس ئەردەشىر، شاھىنشاھ» دەپ يېزىلغان، ئارقا تەرىپىگە ئاتەشپەرەسلەرنىڭ نەزىر- چىراق سۇپىسى چۈشۈرۈلگەن.

• 662. ئەردەشىر II نىڭ كۈمۈش پۇلى. دىئامېترى 28مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 4.2 گىرام. يېزىقلىرى 661- نومۇرلۇق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش.

• 663. ئەردەشىر II نىڭ كۈمۈش پۇلى ، دىئامېترى 28 — 31 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 4.3 گىرام. يېزىقلىرى 661- نومۇرلۇق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش.

• 664. ياپونىيىنىڭ كۇەنيۇڭ تۇڭباۋ پۇلى. ياپونىيە پادىشاھى كۇەنيۇگىنىڭ 2- يىلى(مىلادى 1625- يىلى، مىڭتيەنچىنىڭ 5- يىلى) قۇيۇلغان، تۈرى ناھايىتى كۆپ. مەزكۇر پۇل سېرىق مىستىن قۇيۇلغان، ئارقا تەرىپىدە خەت يوق. دىئامېترى 25 مىللىمېتىر. «قەدىمقى يارماق پۇللار ئۈستىدە مۇلاھىزە» دېگەن كىتابتا: «چىيەنلۇڭنىڭ 17- يىلى (مىلادى 1752- يىلى) 7- ئاينىڭ 16- كۈنى.....يەنە بەزى خەۋەرلەردە چاڭجياڭ، خۇەيخېنىڭ جەنۇبىدىكى گۇرۇچ، تۇز بازارلىرىدا (كۇەنيۇڭ پۇلى) ناھايىتى كۆپ خەجلىنىدىكەن. بىر سەر كۈمۈشكە تېگىشكەن ئۆلچەملىك پۇلنىڭ يېرىمىنى كۇەنيۇڭ پۇلى ئىگەللەيدىكەن ... دېيىلگەن». بۇ خىل پۇل ئاساسەن شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن تېپىلغان. شىنجاڭنىڭ شىمالىدا ئىچكىرىنىڭ يارماق پۇلى خەجلەنگەن. شۇ سەۋەبتىن كۇەنيۇڭ تۇڭباۋ پۇلىمۇ ئىچكىرىنىڭ يارماق پۇلىغا ئارىلىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ قالغان.

• 665. ئاننام (ۋيېتنام) نىڭ جىڭشىڭ تۇڭباۋ پۇلى. ئاننامنىڭ كېيىنكى لى شيەنزۇڭ، جىڭ شىڭ يىللىرىدا (1740 — 1777- يىللىرى، چيەنلۇڭنىڭ 5- يىلىدىن 42- يىلىغىچە) قۇيۇلغان . تۈرى كۆپ، سېرىق مىستىن قۇيۇلغان، ئارقا تەرىپىدە خەت يوق. دىئامېترى 25 مىللىمېتىر، بۇ پۇل ئاساسەن شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن تېپىلغان. بۇ پۇلمۇ ئىچكىرىنىڭ يارماق پۇلىغا ئارىلىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئېيتىلىشلاردا، چيەنلۇڭ دەۋرىدە بىر تۈركۈم ئاننامىلىقلار شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇ پۇلنى بەلكىم ئاشۇ كۆچمەنلەر ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

• 666. قوقان خانلىقىنىڭ ئالتۇن پۇلى. ھىجرىيىنىڭ 1274- يىلى (مىلادى 1857- يىلى) قوقاندا سوقۇلغان. دىئامېترى 23 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 3.1 گىرام. قىممىتى بىر تىللا. (ئىلاۋە: بىر تىللا 20 دانە 5 پۇڭلۇق تەڭگە پۇلغا ياكى بىر سەر ئاق كۈمۈشكە سۇندۇرۇلغان). ئالدى تەرىپىگە چاغاتاي يېزىقىدا «خۇدا يارخان» دەپ، ئارقا تەرىپىگە چاغاتاي يېزىقىدا «زەرب دارىسسەلتەنەتى قوقەند لەتىق 1274» (سەلتەنەتلىك قوقەندە قۇيۇلغان، ھىجرىيە 1274- يىل) دەپ يېزىلغان.

• 667. قوقان خانلىقىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى. ھىجرىيە 1284- يىلى (مىلادى 1867- يىل) قوقاندا سوقۇلغان. دىئامېترى 15 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 1.6 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 2.75 گىرام. قىممىتى بىر مىسقال. ئالدى تەرىپىگە چاغاتاي يېزىقىدا «مۇھەممەت خۇدا يارخان، 84» (ھىجرىيە 1284- يىل) دەپ يېزىلغان . (ئىلاۋە: خۇدا يارخان شۇ چاغدىكى قوقان خانلىقىنىڭ خانى بولغان.) ئارقا تەرىپىگە چاغاتاي يېزىقىدا «زەرب قوقەند لەتىق، 1284» (قوقاندا نەپىس قۇيۇلغان، ھىجرىيە1284- يىل) دەپ يېزىلغان.

• 668. بۇخارا خانلىقىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى. مىلادى 1826 — 1867- يىللىرى بۇخارادا سوقۇلغان. بۇخارا خانى نەسرۇللا ( مىلادى 1826- يىلىدىن 1860- يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) بىلەن مۇزەففەرىددىن (مىلادى 1860- يىلدىن 1885- يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تارقاتقان. دىئامېترى 17 مىللىمېتىر.

قېلىنلىقى 1.3مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 3 گرام قىممىتى بىر مىسقال. ئالدى تەرىپىدىكى چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان خەتلەر ئوچۇق ئەمەس، ئارقا تەرىپىگە يېزىلغان خەتلەرنىڭ «زەرب بۇخارا» (بۇخارادا ئىشلەنگەن) دېگەن بىر قىسمىنىلا ئوقۇغىلى بولىدۇ.

• 669. ئىسپانىيە پۇلى. بىر تەرەپ يۈزىدە چارلىز Ⅳ نىڭ باش سۈرىتى بار.

• 670. مېكسىكىنىڭ قوش سۈرەتلىك پۇلى.

• 671. چارروسىيىنىڭ بىر رۇبلىلىق قەغەز پۇلى. 1898- يىلى بېسىلغان. يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 90 × 152 مىللىمېتر. يۇقىرى تەرىپىگە روسچە «دۆلەتنىڭ ئىناۋەتلىك بېلىتى» دەپ، ئوتتۇرىسىغا روسچە «بىر رۇبلى» دەپ يېزىلغان. مەزكۇر پۇل دۆلەت بانكىسىدىن ئالتۇن پۇلغا چەكلىمىسىز ئالماشتۇرۇپ بېرىلگەن 1) رۇبلى 15 \ 1 ئىمپېرىيە ئالتۇن پۇلغا باراۋەر قىلىنغان. ساپ ئالتۇن تەركىبىدە 17.424 دولان (بىر دولان 44.43 مىللى گرامغا باراۋەر). ئارقا تەرىپىنىڭ سول يېنىغا روسچە: «1. مەزكۇر پۇلنى ئالتۇن پۇلغا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. دۆلەت بارلىق بايلىقى بىلەن كېپىللىك قىلىدۇ. 2. بۇ پۇلنى پۈتكۈل ئىمپېرىيە دائىرىسى ئىچىدە خەجلەشكە بولىدۇ ، ئۇ ئالتۇن پۇل بىلەن ئوخشاش ئاقىدۇ . 3. ئەگەر ساختا پۇل ياسىغۇچىلار كۆرۈلسە، ئۇ بارلىق پۇقرالىق هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ ھەمدە سۈرگۈن قىلىنىدۇ ۋە ئېغىر ئەمگەك بىلەن جازالىنىدۇ» دەپ يېزىلغان.

• 672. چارروسىيىنىڭ ئۈچ رۇبلىلىق قەغەز پۇلى. 1905- يىلى بېسىلغان. يانتۇ شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 98 × 153 مىللىمېتر. ئالدى- ئارقا تەرىپىدىكى روسچە خەتلەر 671- نومۇرلۇق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش. پەقەت ئالدى تەرىپىگە «ئۈچ رۇبلى» دەپ يېزىلغان.

• 673. چارروسىيىنىڭ بەش رۇبلىلىق قەغەز پۇلى. 1909- يىلى بېسىلغان. ئۆرە شەكىللىدە ئىشلەنگەن ، ئۆلچىمى 157 × 98.5 مىللىمېتر. ئالدى - ئارقا تەرىپىدىكى رۇسچە خەتلەر 671- نومۇرلۇق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش. پەقەت ئالدى تەرىپىگە «بەش رۇبلى» دەپ يېزىلغان.

• 674. چارروسىيىنىڭ ئون رۇبلىلىق قەغەز پۇلى. 1909- يىلى بېسىلغان. ئۆرە شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۆلچىمى 175 × 105 مىللىمېتر. ئالدى- ئارقا تەرىپىدىكى رۇسچە خەتلەر 671- نومۇرلۇق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش. پەقەت ئالدى تەرىپىگە «ئون روبلى» دەپ يېزىلغان.

• 675. چارروسىيىنىڭ 500 رۇبلىلىق قەغەز پۇلى. 1912- يىلى بېسىلغان، يانتۇ شەكىللىك چوڭ تىپتىكى پۇل. ئۆلچىمى 127 × 273مىللىمېتر. نەپىس بېسىلغان. ئالدى تەرىپىنىڭ سول تەرىپىگە ۋە ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىمپېراتور پېترنىڭ باش سۈرىتى يوشۇرۇن چۈشۈرۈلگەن. باشقا جايلىرىدا ئوخشاشلا يوشۇرۇن خەتلەر بار. ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېزىلغان رۇسچە خەتلەر 671- نومۇرلۇق پۇلدىكى بىلەن ئوخشاش. پەقەت «500 رۇبلى» دەپ يېزىلغان. سول يېنىدىكى رۇسچە خەتلەر 671- نومۇرلۇق پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى خەتلەر بىلەن ئوخشاش.

• 676. چارروسىيىنىڭ 15 كوپېكلىق كۈمۈش پۇلى . 1915- يىلى بېسىلغان. دىئامېترى 20 مىللىمېتر، قېلىنلىقى 1.2 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 3.3 گرام.

• 677. چارروسىيىنىڭ بەش كوپېكلىق مىس پۇلى . 1879- يىلى بېسىلغان. دىئامېترى 32 مىللىمېتر، قېلىنلىقى 2.5 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 16.7 گرام. ئارقا تەرىپىدىكى سىرتقى چەمبەرگە رۇسچە «روسىيە مىس پۇلى» دەپ يېزىلغان.

• 678. چارروسىيىنىڭ ئىككى كوپېكلىق مىس پۇلى. 1910- يىلى بېسىلغان. دىئامېترى 24مىللىمېتر، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 6.6 گرام. ئارقا تەرىپىدىكى سىرتقى چەمبەرگە رۇسچە «روسىيە مىس پۇلى» دەپ يېزىلغان.

• 679. چارروسىيىنىڭ بىر كوپېكلىق مىس پۇلى. 1911- يىلى بېسىلغان، دىئامېترى 21 مىللىمېتر، قېلىنلىقى بىر مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 3.4 گرام. ئارقا تەرىپىدىكى سىرتقى چەمبەرگە رۇسچە «روسىيە مىس پۇلى» دەپ يېزىلغان.

• 680. چارروسىيىنىڭ ئون رۇبلىلىق ئالتۇن پۇلى. ئالدى تەرىپىگە چارروسىيىنىڭ گېربى— ئىككى باشلىق بۈركۈتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىگە نىكولاي Ⅱ نىڭ ياندىن ئېلىنغان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. دىئامېترى 23 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 8.6 گرام، تەركىبى 90%.

• 681. چارروسىيىنىڭ بەش رۇبلىلىق ئالتۇن پۇلى. ئالدى- ئارقا تەرىپىدىكى خەت، سۈرەتلەر يۇقىرىدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش. پەقەتلا «ئون رۇبلى»دىكى «ئون» «بەش»كە ئۆزگەرتىلگەن. دىئامېترى 19 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 4.3 گرام. تەركىبى 90%.

• 682. ھىندىستاننىڭ بىر سوۋرېن ئالتۇن پۇلى . ئارقا تەرىپىگە ئېدۋارد Ⅶ نىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن . 1909 - يىل باسمىسى . دىئامېترى 21.5 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 7.988 گرام (0.2354 ئۇنسىيە)، تەركىبى 91.7%. ئالدى تەرىپىگە قىلىچ تۇتقان چەۋەندازنىڭ ئالۋاستىنى چېپىۋاتقان سۈرىتى ، ئارقا تەرىپىگە ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد Ⅶ نىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن . ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئىنگلىزچە :Edwardvs "Ⅶ D:G: Britt: Omn: Rex F:D: Ind: Imp: " دېگەن خەتلەر يېزىلغان.

• 683. ھىندىستاننىڭ بىر سوۋرېن ئالتۇن پۇلى . ئارقا تەرىپىگە جورج Ⅴ نىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، 1930- يىلى بېسىلغان. دىئامېترى 21.5 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 7.988 گرام ( 0.2354 ئۇنسىيە)، تەركىبى 91.7%. ئالدى تەرىپىگە قىلىچ تۇتقان چەۋەندازنىڭ ئالۋاستىنى چېپىۋاتقان سۈرىتى، ئارقا تەرىپىگە ئەنگلىيە پادىشاھى جورج Ⅴ نىڭ ياندىن ئېلىنغان باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. چۆرىسىگە ئىنگلىزچە: — Geor"

givs VD. G. Britt:Omn:RexF. D. Ind:Imp:" دېگەن خەتلەر يېزىلغان.

. 684. ھىندىستاننىڭ كىچىك خىش ئالتۇنى، ئېغىرلىقى 2.057 ئۇنسىيە. ئالدى تەرىپىنىڭ يۇقىرى يېرىم قىسمىغا گۈمبەزلىك مەسچىت سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، تۆۋەنكى يېرىم قىسمىغا ئوردۇچە خەت يېزىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ يۇقىرى بېرىمىغا ئەركەك شىرنىڭ ئەگرى شەمشەر تۇتقان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. تۆۋەن تەرىپىگە ئىنگلىزچە «ھەبىب بانكا چەكلىك شىركىتى، ئېغىرلىقى 5 ئالاس» دەپ يېزىلغان. ئىلاۋە: «ئالاس» ھىندىستاننىڭ ئالتۇن، كۈمۈش ئۆلچەم بىرلىكى (بىر ئالاس 0.4114 ئۇنسىيەگە باراۋەر). سول تەرەپنىڭ تۆۋەن بۇلۇڭىدا يۇملاق ماركا بولۇپ، ئۇنىڭغا يېزىلغان «BH»دېگەن ئىككى خەت بانكا نامىنىڭ قىسقارتىپ يېزىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

. 685. ھىندىستاننىڭ كىچىك كۈمۈش پۇلى. دىئامېترى 20 مىللىمېتر، قېلىنلىقى 1.4 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 4.2 گرام. ئالدى تەرىپىگە ئۈچ پىلنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ قەدىمقى ھىندىستاننىڭ توز سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئايۇ (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 273ــ 232- يىللىرى) چوڭ تاش تۈۋرۈككە ئويدۇرغان ھەيكەل، پۇلنىڭ چۆرىسىدە ھىندى يېزىقىدا يېزىلغان خەتلەر بار. ئارقا تەرىپىگە ياندىن ئېلىنغان ئادەمنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ چۆرىسىگە ھىندى يېزىقىدىكى خەتلەر يېزىلغان.

. 686. ھىندىستاننىڭ ئىككى رۇپىيلىك قەغەز پۇلى. ئۆلچىمى 62 × 106 مىللىمېتر. ئالدى تەرىپىنىڭ يۇقىرىسىغا ئىنگلىزچە «ھىندىستان ئامانەت پۇل بانكىسى» دەپ، ئاستىغا ئۇنىڭ ھىندى يېزىقىدىكىسى يېزىلغان. تۆۋەن قىسمىغا ئىنگلىزچە ئۇششاق ھەرپ بىلەن «مەركىزىي ھۆكۈمەت كېپىللىك قىلىدۇ» دەپ، ئاستىغا ئۇنىڭ ھىندى يېزىقىدىكىسى يېزىلغان. ئوڭ يېنىغا ئۈچ شىرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ سۈرەت قەدىمكى ھىندىستان پادىشاھى ئايۇ (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 273ــ 232- يىللىرى) چوڭ تاش تۈۋرۈككە ئويدۇرغان ھەيكەل. سول تەرەپتىكى ئاق جايغا ئۈچ شىرنىڭ يوشۇرۇن سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىغا ئىنگلىزچە «بۇ پۇلنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە جەمئىي ئىككى رۇپىيە بېرىلىدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان، ئوتتۇرىسىغا يوغان قىلىپ «2» يېزىلغان، ئۇنىڭ ئوڭ يېنىغا ئوخشاش مەزمۇندا ھىندى يېزىقىدىكى خەتلەر يېزىلغان.

# 圖　　表

## CHARTS

# 新　疆　銅　錢

1760——



乾隆（—1759）
乾　隆（1760—1795）
嘉　慶（1796—1820）
道　光（1821—1850）
咸
南疆五局
葉爾羌局
乾隆通寶 葉爾奇木 1760
乾隆通寶 葉爾羌 1761—1769
停　鑄
阿克蘇局
乾隆通寶 阿克蘇 1761—1766
停　鑄
遷移
乾隆通寶 阿克蘇 1799—1851
嘉慶通寶 阿克蘇 1799—1820
遷移
道光通寶 阿克蘇 1821—1827
道光通寶 八年五、八年十 阿克蘇 1828—1850
烏什局
乾隆通寶 烏什 1766—1799
停　鑄
庫車局
喀什噶爾局
北疆二局
寶伊局
乾隆通寶 寶伊 1775—1853
嘉慶通寶 寶伊 1796—1820
道光通寶 寶伊 1821—1850
寶廸局（寶新局）

# 沿　革　表

1911



豐（1851－1861）
同　治（1862－1874）
光　緒（1875－1908）
宣統（1909－1911）
咸豐通寶當十 葉爾羌 1854－1861
咸豐重寶當五十、咸豐元寶當百葉爾羌 1854－1859
同治通寶當十葉爾羌 1862－1865
阿古柏之亂
乾隆通寶阿克蘇 1878
乾隆通寶當十阿克蘇 1883
乾隆通寶背"九"字阿克蘇 1883
咸豐重寶當五十、咸豐元寶當百、阿克蘇 1854－1859
同治通寶當五當十阿克蘇 1862－1864
熱西丁維文錢阿克蘇 1864－1867
道光通寶阿十阿克蘇 1886－1892
宣統通寶庫十烏什 1909
熱西丁之亂（1864－1867）
同治通寶當五、當十庫車 1862－1864
熱西丁維文錢庫車 1864－1867
光緒通寶背：寶泉寶庫庫車 1878－1883
光緒通寶"九年十"寶庫、庫車 1883
乾隆通寶庫十寶庫 1885－1906
乾隆通寶當十庫車 1883－1885
光緒丁未新十 庫車 1907
光緒戊申新十 庫車 1908
咸豐通寶當十喀什噶爾 1855－1861
咸豐重寶當五十咸豐元寶當百喀什噶爾 1855－1859
停鑄
阿古柏普爾喀什噶爾 1874－1877
光緒通寶喀十喀什噶爾 1888－1902
阿古柏之亂（1865－1877）
咸豐重寶當十 1853－1855
咸豐重寶當四 1855－1861
咸豐重寶當五十 1854－1855
咸豐元寶當百 1854－1855 寶伊
同治重寶當四寶伊 1862－1864
伊犁蘇丹之亂（1864－1871）
沙俄佔領伊犁（1871－1881）
妥得璘之亂（1864－1870）
咸豐重寶當十（大型）寶迪 1857－1861
光緒通寶新十寶新 1886－1908
光緒通寶新十寶源 廸化銀圓局機鑄錢 1907

# 新　疆　銀

1866—


清代
1865年阿古柏入侵新疆
清代同治、光緒年間阿古柏侵佔新疆 1865－1877
1877年清廷收復新疆
清代新疆建省以前 1877－1883
1884年新疆建省
清代新疆建省以後 1884－1911
迪　化
庫　車
阿克蘇
喀　什
英吉沙
葉爾羌
和　闐
光緒銀圓 三錢、五錢（漢、滿、維文）1889
迪化光緒銀圓二錢 三錢、五錢 1903－1907
餉銀一錢 二錢、四錢 五錢、一两 1907－1911
維文"足銀五分" 1877－1878
"壁"字天罡 1878
維文 "光緒四年" 1878
"寶"字天罡 1878以後
足銀壹錢（外圓方孔）1880
維文"阿克蘇造五分" 1879
"光"字天罡五分 1880－1882
阿城光緒銀元 一錢、二錢、三錢 五錢1893－1896
阿古柏五分天罡 1874－1878
"五分"天罡 漢、滿、維文 1878
喀什"光緒銀錢"五分一錢 1878
"元"字天罡五分 1879－1881
"五分"天罡（漢、維文）1879－1886
喀什、喀造光緒銀圓一錢 二錢、三錢、五錢 1892－1904
喀什、光緒元寶一錢、二錢、三錢、五錢 1905
喀什、喀什造大清銀幣二錢 五錢、一两 1907－1910
英吉沙"光緒銀錢"五分 1878
和闐"光緒銀錢"五分 1879

# 幣 沿 革 表

—1949



1912年中華民國成立
民國時期：楊增新時期
1912—1928
金樹仁時期
1928—1933
1933年新疆軍閥混戰
盛世才時期
1933—1944
國民黨統治時期
1944—1949
1949年9月新疆和平解放
壬子餉銀五錢一兩
1912
迪化銀圓壹兩1917—1918
停
鑄
新疆銀圓壹圓
1949
1910—1911
喀什背龍餉銀五錢
1911—1913
喀什"銀圓二錢、叁錢"
1911
喀造雙旗中華民國餉銀五錢
1913—1916
銀幣1933·12—
1934·2

# 新　　疆　　銅

1907



清代
清　　代
（1907--1911）
1912年中華民國成立
民　國　時　期：
楊　增　新　時　期
（1912——1928）
迪　化
（省城）
光緒元寶
市錢一分五厘
1907－1908
宣統元寶
當十文
1909－1911
壬子銅元
當十文
1912
新疆通寶
當十文當二十文
1912－1913
停
鑄
阿　克　蘇
民國阿造銅元
當十文翻砂版
無紀年（1912－1913）
紀年（1914）
民國阿造銅元
當十文機鑄版
橫條五色旗、豎
條五色旗（1914）
喀　什
喀造單旗
銅幣當五文、
當十文（1912）
喀造雙旗銅幣
當五文（1913）
當十文
（1913－1916）
喀造
洪憲銅幣
當十文
1916
喀造
丙辰銅幣
當十文
1916
停
鑄
喀什造十年
銅元當十文、
當二十文
1921
喀什造
十一年銅元
當十文
1922
喀什造
民國銅元
當十文
1922

# 元　沿　革　表

—1934

| | 金樹仁時期<br>（1928——1933） | 盛世才時期<br>（1933——1944） |
| --- | --- | --- |



# 新　疆　紙　幣

1890—


清代
清　代
1890－1911
1912年中華民國成立
中華民國：楊增新時期
1912－1928
金樹仁時期
（1928－1933）
盛世
（1933
私商錢票
1901－1910
逐漸停發，爲老龍票取代
官錢票（1890—1912）
官錢票紅錢四百文
（1890－1903）
老龍票紅錢四百文
（1908－1912）
省票（官票）（1913－1938）
大龍票紅錢四百文（土幣）
（1913－1915）
狗娃子票紅錢一百文
（輔幣）
（1914－1915）
省票紅錢四百文
（1919－1931）
小省票紅錢一百文（1920）
油布帖紅錢四十文
（1923－1932）
大面額省票
三兩
五兩
十兩
（1932－1934）
大面額省票
五十兩
（1933－1936）
喀票（1912－1938）
老龍票紅錢四百文
（清代老龍票民國後逐漸集中流通於喀什和闐一帶，亦名喀票。）
（1912－1919）
喀票紅錢四百文
（1920－1932）
蓋章小省票
紅錢一百文
（1919）
小喀票
紅錢一百文
（1932）
大面額喀票
三兩
五兩
（1933－1934）
1914年用大龍票收回伊帖
1919年用省票收回阿爾泰期票
伊　帖
制錢一千文
（1893－1913）
阿爾泰通用銀券
一元　五元　十元
1913－1919
道勝銀行金券
一兩　五錢　一錢
二分　一分
（1913－1917）
殖邊銀行紙幣
紅錢四百文
二百文　一百文
（1916，未發行）
新疆軍閥混戰時期各地割據
（1933—1937）
吐魯番縣期票（馬仲英票）
奇台縣商會流通券（馬仲英票
同年內由新疆省政府用省票全
喀什區行政長公署紙幣（馬
紅錢四十文、一百文　（193
南疆邊防總司令部軍用鈔票（
油布帖　一兩　（1933－193
喀什僞"東土耳其斯坦伊斯蘭
紙幣　一兩　（1933－1934）
僞"伊斯蘭共和國和闐政府"紙
布幣紅錢一百文　（1934）
和闐行政長公署鈔票（馬虎山
三兩　紅錢一百文　（1934－

幣　沿　革　表

—1949



才時期
—1944）
國民黨統治時期
1944—1949
1949年9月新疆和平解放
中華人民共和國
（1949—　　）
省　幣
新疆商業銀行（新疆省銀行）紙幣　1939—1949
主幣：一元　三元
五元　十元　五十元
一百元
輔幣：一角　二角
五角　一分　三分
五分
（1939—1944）
二百元至六十億元
共十七種面額
（1945—1949）
發行後立
即以省幣
收回
中央銀行新疆省流通券
五十元　一百元
（1945）
1949年5月新疆幣制改革，發行銀圓票，收回省幣
銀　圓　票
主幣：一元　五元
十元
輔幣：一角　二角
五角　一分
五分
（1949—1950）
中華人民共和國成立後1950年用銀圓票收回三區期票
人民幣（帶維文）
五百元　一千元
五千元　一萬元
（1951.10.1
發行）
1951年10月1日新疆發行帶維文的人民幣，收回銀圓票
三區期票　（1945—1950）
三區期票
一百元　三百元
五百元　一千元
（1945）
蓋章省幣：
五十元　一百元
（1945）
新疆商業銀行
伊犁分行期票
一百元　三百元
五百元　一千元
二千元
二千五百元
三千元
（1947—1948）
政權的紙幣
兩（1933）
）五兩（1933）
部收回銷毀
武票）
）
馬紹武票）
）
和國”
幣一兩，
票）一兩
937）

# 編 後 記

這本《新疆錢幣》圖册是在中國錢幣學會指導下，在中國人民銀行新疆維吾爾自治區分行的直接領導下，由新疆錢幣學會組織編撰，並由新疆美術攝影出版社和香港文化教育出版社聯合出版的。它從1988年開始撰稿、編纂，其間數易其稿，方始脱稿付梓，編印成書，今天終於和廣大讀者見面了。

圖册主要由導言、彩色圖版和錢幣説明三部分組成，導言提綱挈領地介紹了新疆錢幣的歷史演變及與之相關的政治、經濟、文化背景；圖版以大量彩照、分上中下三編，將上起公元前206年、下迄公元1949年這二千餘年之間的新疆歷代錢幣，全面系統地展現於讀者面前；錢幣説明則從錢幣學的角度對列入本圖册的所有錢幣逐一作了簡明扼要的文字描述，既反映了我們的研究成果，也爲國内外錢幣研究者提供了資料。

本圖册的撰寫者是董慶煊、蔣其祥兩位專家，此書也是兩位專家近十年來辛勤研究的成果。書中的導言由二人合著。上編及上編的錢幣説明由蔣其祥先生編撰；中下編及中下編錢幣説明由董慶煊先生編撰。全書文字由董慶煊先生總纂而成。兩位專家爲此書付出了大量心血，做出了卓越貢獻。

在本書的編撰過程中，我們得到了各有關單位和有關專家、學者、錢幣收藏家和愛好者的大力支持和協助，在此謹致謝忱。

爲本圖册提供實物資料和多方面幫助的單位有：中國錢幣學會、中國人民銀行印製總公司、上海錢幣學會、旅順博物館、新疆維吾爾自治區文化廳文物處、新疆文物考古研究所、新疆維吾爾自治區博物館、新疆維吾爾自治區檔案館、吐魯番地區文管所、木壘縣民族博物館、博爾塔拉蒙古自治州博物館、庫車縣文管所、和田地區文管所、奇臺縣文管所、奇臺縣檔案館、阜康縣文管所、烏魯木齊市文管所等。

爲本圖册提供幫助和錢幣資料的專家、學者和錢幣愛好者有：紀大椿、王炳華、穆提義、郭平梁、薛宗正、許海生、王有德、昝玉林、庫爾班·外力、柴濟森、徐楓、傅棣馨、苗永海、謝宜斌、雷中屿、朱樹林、陳廣、宋志永、呂出、崔峯、蘇瑞平、丁偉年、陳源、馬述安、瑞紹慧、謝偉景、金寶源、祁小山、劉玉生、張永兵、李一新等。

爲了保證本書質量，我們特邀中國人民銀行印製總公司北京印鈔廠高級工藝美術設計師、攝影家賈鴻勳先生擔任全書的攝影及部分設計工作；同時特邀中國錢幣學會馬力平女士擔任本書的總體設計。兩位專家不辭辛勞、夜以繼日，爲提高本書質量竭盡了全力，我們不勝感謝。

新疆錢幣資源極其豐富，但錢幣研究畢竟起步較晚，水平有限，編輯出版這樣的大型圖册還是首次，書中疏漏、甚至錯誤之處在所難免，敬請海内外專家學者和廣大讀者批評指正。

《新疆錢幣》圖册編輯委員會

一九九一年七月

# ئاخىرقى سۆز

« شىنجاڭ پۇللىرى » دېگەن بۇ رەسىملىك توپلام ، جۇڭگو پۇل ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ، شىنجاڭ پۇل ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ تۈزۈشى بىلەن ، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى ۋە شياڭگاڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . بۇ كىتابنى يېزىش ۋە تۈزۈش ئىشى 1988 ـ يىلى باشلانغانىدى ، بىر قانچە قېتىم ئۆزگەرتىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن ، بۈگۈن كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى .

بۇ توپلام كىرىش سۆز ، رەڭلىك سۈرەتلەر ۋە پۇللارغا ئىزاھاتتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان . كىرىش سۆزدە شىنجاڭ پۇللىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تارقاكۆرۈنۈشلىرى يىغىنچاق ۋە ئىخچام تونۇشتۇرۇلغان ؛ سۈرەتلەر قىسمىدا شىنجاڭنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى 206 ـ يىلدىن تارتىپ 1949 ـ يىلغىچە ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى پۇللار نۇرغۇنلىغان رەڭلىك سۈرەتلەر بىلەن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ سىستېمىلىق كۆرسىتىلگەن ؛ پۇللارغا ئىزاھاتتا مۇشۇ توپلامدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسىگە پۇل ئىلمى نۇقتىسىدىن قىسقىچە ئىزاھات بېرىلگەن بولۇپ ، بۇنىڭدا ھەم بىزنىڭ تەتقىقات نەتىجىمىز ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، ھەم مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۇل تەتقىقاتچىلىرىغا ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىلگەن .

بۇ توپلامنى دۆلەت چىڭشۈەن ، جاڭ چىشياڭ ئىككى مۇتەخەسسىس يازغان . بۇ كىتاب ئەينى ۋاقىتتا يەنە مۇشۇ ئىككى مۇتەخەسسىسنىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى جاپالىق تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى . كىرىش سۆزنى مۇشۇ ئىككەيلەن بىرلىكتە يازغان . بىرىنچى قىسمى ۋە بىرىنچى قىسمىدىكى پۇللارغا بېرىلگەن ئىزاھاتنى جاڭ چىشياڭ ئەپەندى يازغان ؛ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قىسىملىرىنى ھەم بۇ قىسىملاردىكى پۇللارغا بېرىلگەن ئىزاھاتنى دۆلەت چىڭشۈەن ئەپەندى يازغان . پۈتۈن توپلامنىڭ يېزىق قىسمىنى دۆلەت چىڭشۈەن ئەپەندى كۆرۈپ چىققان . بۇ ئىككى مۇتەخەسسىس مۇشۇ كىتاب ئۈچۈن نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ، زور تۆھپە قوشقان .

بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا بىز مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس ، ئالىم ، پۇل ساقلىغۇچىلار ۋە پۇل ساقلىغۇچى ھەۋەسكارلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلىشى ۋە ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشتۇق ، بۇ يەردە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمىز .

جۇڭگو پۇل ئىلمى جەمئىيىتى ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ پۇل بېسىش باش شىركىتى ، شاڭخەي پۇل ئىلمى جەمىيىتى ، لۈيشۈن مۇزېيى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسى ، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانا ، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ، مورى ناھىيىلىك مىللىي مۇزېي ، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇزېي ، كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ، گۇچۇڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ، گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئارخىپخانا ، فۇكاڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار بۇ توپلامنى ئەمەلىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى ۋە كۆپ جەھەتتىن قوللىدى .

جى داچۈن ، ۋاڭ يىڭخۇا ، ئىبراھىم مۇتىئى ، گۇ پىڭلياڭ ، شۇ زۇگېن ، ، شۈي خېيشىڭ ، ۋاڭ يۇدې ، جەن يۈيلىن ، قۇربان ۋەلى ، چەي جىسىن ، شۈي فېڭ ، فۇ دىشىن ، مياۋ يۇڭخەي ،شېي بىبىن ، لەي جۇڭشۈن ، جۇ شۇلىن ، چېنگۇاڭ ، سۇڭ جىيۇڭ ، لۇي چۇ ، سۈي فېڭ ، سۇ رۇيپىڭ ، دىڭ ۋېيتيەن ، چېن يۇەن ، ما شۇتەن ، رۇي شياۋخۇي ، شېي ۋېيجاڭ ، جاڭ باۋيۇەن ، جى شياۋشەن ، ليۇ يۇيشېڭ ، جاڭ يۇگېڭ ، لى يىشىن قاتارلىق مۇتەخەسسىس ، ئالىملار ۋە پۇل ساقلىغۇچى ھەۋەسكارلار بۇ توپلامنى تۈزۈشكە ياردەم قىلدى ۋە بىزنى كونا پۇللار بىلەن تەمىنلىدى .

بۇ كىتابنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، جۇڭگو خەلق بانكىسى پۇل بېسىش باش شىركىتىنىڭ بېيجىڭ پۇل زاۋۇتىدىكى ئالىي ھۈنەر ـ سەنئەت لايىھىلىگۈچى ، ئۇستا سۈرەتچى جياخۇگشۈن ئەپەندىنى پۈتۈن توپلامدىكى پۇللارنى سۈرەتكە ئېلىش ۋە قىسمەن لايىھەلەش خىزمىتىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلدۇق : شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو پۇل ئىلمى جەمئىيىتىدىكى ماليېڭ خانىمنى بۇ توپلامنىڭ ئومۇمىي لايىھەلەش ئىشىغا تەكلىپ قىلدۇق . بۇ ئىككى مۇتەخەسسىس جاپادىن قاچماي ، كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئىشلەپ ، كىتابنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى ، بىز ئۇلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز .

شىنجاڭ پۇللىرىنىڭ مەنبەسى ئىنتايىن مول بولسىمۇ ، لېكىن بۇ پۇللارنى تەتقىق قىلىش ئىشى كېيىنرەك باشلاندى . سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق چوڭ ھەجىمدىكى رەسىملىك توپلامنى تۇنجى قېتىم ئىشلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ، كىتابتا چۈشۈپ قالغان ، ھەتتا خاتا بولۇپ كەتكەن جايلار بولۇشى مۇمكىن ، دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ، ئالىملار ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىد بېرىپ تۈزىتىشىنى قارشى ئالىمىز .

« شىنجاڭ پۇللىرى » رەسىملىك توپلىمىنى تۈزۈش ھەيئىتى .

1991 ـ يىلى 7 ـ ئاي

# 新 疆 錢 幣

編　輯：《新疆錢幣》圖册編輯委員會
出　版：新疆美術攝影出版社
（烏魯木齊市西紅路118號）
香港文化教育出版社
（香港北角覲殺街9-23號秀明中心24樓B座）
製　版：良友製版社
印　刷：隆泰印刷製本公司

850×1168毫米　大16開本　17.5印張
1991年8月第一版　1991年8月第一次印刷
印數：1～4,500册

ISBN 7-80547-037-5/J·26　定價 ¥:480

版權所有，不准翻印、轉載

# شىنجاڭ پۇللىرى

تۈزگۈچى : «شىنجاڭ پۇللىرى» رەسىملىك توپلىمنى تۈزۈش ھەيئىتى
نەشر قىلغۇچى : شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
(ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىخۇڭ يولى 118 ـ قورو)
شياڭگاڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ نەشرىياتى
(شياڭگاڭ بېيجياۋدىكى مۇشىڭ كوچىسى 3 ـ قورو زېيىڭ مەركىزى 502
ـــ 505 ـ ئىشخانا)
ياسىغۇچى : لياڭيۇ ياساش ئورنى
باسقۇچى : لىڭتەي بېسىش ـ كىتاب شىركىتى
چوڭ 16 فورماتلىق مىللىمېتر 850 × 1186
باسما تاۋاق 5.21
1993 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1993 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 ———— 2000

ISBN 7—80547—194—0/J • 167
باھاسى : 180 يۇەن

بېسىش ھوقۇقى بىزدە ، كۆپەيتىپ ۋە كۆچۈرۈپ بېسىشقا بولمايدۇ.